« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



4
2016

XINJIANG CULTURE • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • مجلة حضارة شنجيانغ •

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498
9 771008 649003 07>

新疆文化



تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى غالىب بارات ئەرك




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

تەھرىرات باشلىقى ، بەگمەت يۈسۈپ (ئالىي مۇھەررىر)
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

2016.4

(ئومۇمىي 340 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(65-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال

**تەھرىر ھەيئەتلەر**

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئارسلان ئابدۇللا

ئازات سۇلتان

ئادىل تۇران

بەگمەت يۈسۈپ

جاڭ خۇڭچاۋ

دىلشات پەرھات

قۇربان مامۇت

ئىمىن ئەخمىدى

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك
مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە
تېخرېداكتورى:

**ئايگۈل ئەمەت**

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ژۇرنىلىمىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى:

**ئابدۇرېشىت مىجىت ئاقيار**

(ئادۋوكات)


**«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى يىلى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ،**
**شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرەيلى**

## بۇ ساندا

### ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش


ئەل كەچمىشلىرىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ ................ تۇرسۇن مەخمۇت (3)

ئالقىش ۋە ئۈمىد ........................ ئارسلان ئابدۇللا (77)


### تەرجىمە كۆزنىكى


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ..........................

........... ئەھەت داۋۇت، راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى قاتارلىقلار (ت) (17)


### ئەدەبىيات گۈلزارى


ئاپتاپپەرەس ئېچىلغۇدەك ........ (ھېكايە) ... ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى (31)

مەن ئايال ........................ ماھىرە ھاجىئەكبەر (39)


### ئاسپىرانتلار ئاۋازى


ئەدەبىياتنىڭ «قاسىرىقى» ........................ ئابلىكىم تۇرسۇن (41)


### مەدەنىيەتتىكى نەۋايى تەتقىقاتى


نەۋائىنىڭ «يوللۇق ياغلىق» لىرىكىسىدىكى رەڭلەر جۇلاسى ...............

........................ تۇرسۇن قۇربان تۇركەش (54)


### زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىيالوگى


مىللىي مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت ........... ئادىل مۇھەممەت (57)


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ......... ئىمىن ھاشىم، ئابلىز ئوبۇلخەيرى قاتارلىقلار (71)


مۇقاۋىدا: جۇڭگوچە رەسىم ئۇستازى تۇردى ئىمىن




# ئەل كەچمىشلىرىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ

—— تونۇلغان تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى غالىب بارات ئەرك بايانىدا

دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزگىرىشى تولىمۇ تېز ھەم سىرلىق بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، ھەر بىر ئىنسان تۈركۈمىنىڭ، ھەر بىر توپنىڭ، ھەر ساھەنىڭ، ھەر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قىممىتى سالماقلىق، ئەقىل بىلەن ئەجىر قىلىشقا، ئىجادچانلىقى شۇنداقلا دەۋر ھەم مۇھىت جىددىي تەقەززا قىلىدىغان ئىزدىنىشلەرگە، ئۇلۇغۋار غايە يولىدىكى ئۇزاق مۇساپىلەردە زور چىدام، ئېنىق نىشان بىلەن ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلەشكە، ئىنتىلىش سەپىرىدىكى مۇشەققەتلەرگە ئۈمىدسىزلىكتىن خالىي بەرداشلىق بېرىشلەرگە باغلىق بولۇپ قالدى. زامانىمىزدا ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ، ھەر بىر قەدەمنى پۇختا ۋە بىلىپ تۇرۇپ بېسىشنىڭ، مەڭگۈلۈك ئىزدىنىش نىشانى ۋە روھىغا ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى روشەن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بىر خەلقنىڭ زور ساندىكى ساپالىق زىيالىيلىرىنىڭ بولۇشى مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكىنى زامانىمىز تۈرلۈك تەقەززالىرى ۋە پۇرسەت، خىرىسلىرىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. ئۆزىمىزگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇردەك زىيالىيسى ئاز، ئاز بولغان زىيالىيسىنىڭمۇ ئىزدىنىش روھىغا ئىگىلىرى تېخىمۇ ئاز بولغان مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىزچىللىقنى ساقلىغان ھالدا تىرىشىۋاتقان، مېھنەتلىرى بەدىلىگە قازانغان نەتىجىلىرى بىلەن خەلقنى سۆيۈندۈرۈۋاتقان زىيالىيلارنىڭ بولۇشى دەۋرىمىزنىڭ، بۈگۈنكى ھاياتىمىزنىڭ ۋە زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ خۇشاللىقى، بەخت ـ ئامىتى بولىدۇ. بىر خەلقتە ئىزدىنىش ۋە يول ئېچىش روھىغا باي، نىشانى ئېنىق، سەزگۈر ھەم ھوشيار زىيالىينىڭ مەيدانغا كېلىشى شۇ مىللەتنىڭ يوللىرىنى يورۇتىدىغان بىر چىراغنىڭ كۆپەيگىنىگە باراۋەر. زىيالىي نۇر كەبى يېنىش ۋە ئوت كەبى كۆيۈش مەجبۇرىيىتىنى يۈدۈپ ياشايدىغان ئادەم. زىيالىينىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ، زىيالىي تەرەققىياتنىڭ ئېنېرگىيەسى،

## ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

گۈللىنىشىنىڭ لايىھەلىگۈچىسى. تەرەققىيات مەڭگۈلۈك بو-
لىدۇ، شۇڭا تەرەققىياتقا يول ئاچىدىغان، تەرەققىياتنى
لايىھەلەيدىغان، تەرەققىياتقا باشچىلىق قىلىدىغان زىيالىي-
نىڭ ئىشى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، ھەرقانداق دەۋرنىڭ زىيا-
لىيغا قويىدىغان تەلىپى قاتتىق ھەم چەكسىز بولىدۇ،
قاتتىق ھەم چەكسىز تەلەپلەرنى ئورۇنداپ بولالمايدىغان-
لىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا توختىماي ئىزدەنگەن زىيا-
لىي ھەقىقىي زىيالىي بولىدۇ. قاتتىق تەلەپتىن قورققان،
ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ مەيۈسلەن-
گەن زىيالىي چالا زىيالىي ياكى يالغان زىيالىي بولىدۇ.
ئىشى تۈگىگەن زىيالىي ياكى ئىشىم تۈگىدى دەپ ئويلى-
غان زىيالىي قىلىدىغان ئىشنى تاپالمىغان نادان زىيالىي
ياكى زىيالىيلىق سۈپەتتىن چۈشۈپ كەتكەن ياكى ئاينى-
غان زىيالىي بولىدۇ.

زىيالىيلىق سۈپەت ۋە تەلەپ ھەققىدە مۇشۇنداق
خىياللارنى قىلىپ قالىمىز.

زامانىمىزدىكى مەڭگۈ ئىشى تۈگىمەيدىغان،
دەۋرنىڭ چەكسىز تەلەپلىرى ئالدىدا مەڭدەپ قالمىغان
زىيالىيلىرىمىز قاتارىدا غالىب بارات ئەركىنى تىلغا ئېلىپ
ئۆتۈش زۆرۈر. ئۇ ئىشى تۈگىمەيدىغان زىيالىي، داۋاملى-
رى تۈگىمەيدىغان، مەنزىلى يورۇق ئىلىم ئەزىمەتلىرى-
مىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ھەم مۇستەھكەم قەدەم
ئىزلىرى بۈگۈننىڭ ھەم كېلەچەكنىڭ بورانلىرىدا، ئاپتاپ-
لىرىدا ئۆچۈپ كەتمەيدۇ ھەم ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ، دەپ
ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايمىز.

غالىب بارات ئەركىنىڭ قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش-
تە. ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئىلمىي خادىمنىڭ، مۇنداقچە
دېگەندە، زىيالىينىڭ قىممىتىنى چاقنىتىدىغان پەزىلەت.
زىيالىيلىق سۈپىتى، زىيالىيلىق سالاپىتى، زىيالىيلىق كا-
مالىتىنى ھازىرلىماق كىشىدىن زور بەدەل تەلەپ قىلىدۇ.
زىيالىيلىق بەدەل ھالال نىيەت بىلەن توغرا نىشان
ئۈچۈن زېھنىنى، يۈرەك قېنىنى، ۋاقتىنى سەرپ قىلماق
ۋە راھەت- پاراغەتتىن ۋاز كەچمەكنى شەرت قىلىدۇ.
زىيالىينىڭ قانداق بولۇشى ۋە قانداق ئادەمنى زىيالىي
دېيىشكە بولىدىغانلىقى مەسىلىسى ئەزەلدىن قىزىق نۇقتا
بولۇپ كەلگەن، زىيالىينىڭ بىر خەلقنىڭ گۈللىنىشى ۋە
مەۋجۇتلۇقىدىكى ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقى نۇقتىسىدىن بۇ
مەسىلە كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. بىر مىللەتكە نىسبەتەن
زىيالىي ئۇنىڭ ئەقلىدە مېڭىسى، ياخشى ئىش- ھەرىكەت-
تە ئۈلگىسى، غۇرۇر ۋە شەرىپىنىڭ نامايەندىسى بولۇشى
كېرەك، بۇ بۇرۇندىن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك بولغان
ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك بولغان
چىڭ قائىدە. ئەمما ئىش يۈزىدە بىز زىيالىي ئاتالغانلار-
نىڭ زىيالىيلىق سۈپەتكە ياندىشالمايدىغان خۇلقى- مى-
جەزلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. ئەپسۇسلىنىمىز،
غەشلىك خىياللارغا پېتىپ قالىمىز، ھە دېگەندە كۆزىمىز
كۆرۈپ تۇرغان، قۇلىقىمىز ئاڭلاپ تۇرغان نابابلىقلارنى
تۈزەشكە قۇربىمىز يەتمەيدۇ.

زىيالىي ھەققىدىكى ئويلىرىمىزغا غالىب بارات
ئەركىنىڭ مۇنۇ بايانلىرىنى يانداشتۇرساق بەزى نۇقتىلار-
دىن ئۆزگىچە پىكىرگە كېلىشىمىز مۇمكىن: «ئالدىنقى ئە-
سىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ‹ئەپەندى
بولماق› ناملىق بىر شېئىر يازغانىكەن، ئەنە شۇ شېئىردا
يېزىلغان ‹ئەپەندى بولماق› زامانىمىزدىكى ‹زىيالىي بول-
ماق›نىڭ ئۆزى. زامانىمىزدا زىيالىيلار ناھايىتى كۆپ،
ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پاپىروسنى قىڭغىر چىشلەپ،
شلەپىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، گالستۇكنى كاستۇم- بۇرۇلكىغا
پارلاپ بويىنغا باغلاپ، چاچنى مايلاپ، كەشنى پارقىرى-
تىپ، تېلېۋىزوردىن ياكى ئۈندىدارلاردىن ئاڭلىۋالغان سۆز-
لەرنى ئېغىزىدىن كۆپۈك چىققۇچە سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ‹زى-
يالىي›لىق سالاپىتىنى نامايان قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئالەمدە
بىر چاغلاپ، باشقىلارغا ئۆگۈت- نەسىھەتلەرنى ئاتا
قىلىپ يۈرۈشىدۇ، لېكىن ھېچقاچان ئۆزىگە ئادىمىلىك
تەلىپى، ئىنسانىي ئەخلاق تەلىپى، زىيالىيلاردا بولۇشقا تې-
گىشلىك بولغان ئەلكۈنگە يولباشچى بولۇش تەلىپىنى
قويۇپ باقمىغان. قالپاققا چۈشلۈق ئادىمىلىك بولمىغان-
لىقتىن، ئەلگە يولباشچى بولغىدەك بىلىم- ساپا بولمىغان-
لىقتىن، ‹زىيالىينىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭلا بولىدۇ› دېيىلىدى-
غان باھاغا نائىل بولماقتا. بۇ باھا ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقى-
لارنىڭ ‹سەللە يوغان ئىمان يوق›، ‹موللام ھەممىنى بى-
لىدۇ، موللام قويۇپ كۆلگە سىيىدۇ› باھالىرىنىڭ ۋارىيان-
تىدىن ئىبارەت. ‹زىيالىيلار› بولسا ‹زىيالىيمۇ ئادەم›
دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ياپماق بولىدۇ، لېكىن
مۇشۇ بايانىنىڭ ئۆزىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى
نامايان قىلىپ بېرىدۇ. گېپى كەلگەندە مەن زىيالىي
قانداق بولۇشى كېرەك؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب
بەرگۈم بار: زىيالىيدا بىر سەممىي يۈرەك بولسا، بۇ سە-
مىمىلىك ئېغىزىدا، تۇرقىدا ئىپادىلىنىشىمۇ كىشىلەر

كۆڭلىدە سەزگۈدەك ھەم سۆيۈنگۈدەك بولسا (دىلنى
شۇ سەممىيلىك يورۇتقان بولسا). ئادىمىلىك ساپا
بولسا.

بىر يىلى مەرھۇم روزى سايىت كورلىدىكى ئەنجۈ-
مەندە «ھازىر نوپۇس كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئادەم
ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. زىيالىي ئۆزىنىڭ سۆزى،
تۇرقى، ئىش - پائالىيىتى، بىلىمى بىلەن «ئادەمنىڭ كۆپى-
يىشى» ئۈچۈن ھەسسە قوشالىسا، دەيمەن. يالقۇن روزى
ئەپەندى بىر لېكسىيەسىدە، «بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كىشىلەر
ئۆزىنى مەن ئەپەندى دېمىسىمۇ، تۇرقى، يۈرۈش-تۇرۇ-
شى ۋە سۆز - ھەرىكىتىدىن كىشىلەر ئۇلارنى ئەپەندى
دەپ بىلىۋالاتتى. ھازىرچۇ؟ كىشىلەر ئۆزىنى مەن ئەپەن-
دى دېمىسە باشقىلار بىلەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى» دېگە-
نىدى. دەرھەقىقەت، ھازىر كىشىلەر ئۆزىنى مەن زىيالىي
دەپ بازارغا سالسىمۇ، كىشىلەر زىيالىيلاردىن ئۇنىڭ زى-
يالىيغا خاس سالاپىتى (كۆپىنچە بۇ شەرتنى ھازىرلىغان)،
ئادىمىلىكى (بۇ ئۇنداق ئاسان ھازىرلىغىلى بولىدىغان
شەرت ئەمەس)، بىلىمى (ھازىرقى سېكۇنتسىرى يېڭىلىنى-
ۋاتقان پەن - تېخنىكا زامانىدا، بىزدە بۇ شەرتنى ھازىر-
لاشمۇ ناھايىتى قىيىن بولۇۋاتىدۇ) بولۇشى لازىم.
ئۇنداق بولمايدىكەن، جۈملىدىن مۇشۇ ئۈچ شەرتنىڭ
بىرەرى كەم بولسا ئۆز - ئۆزىمىزنى زىيالىي دەپ ۋارقى-
راپ ۋەزخانلىق قىلساقمۇ، ئاۋام مەيىقدا كولۇپ
قويۇپ، كۆڭلىدىن ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇڭا، يېتەلمەيۋات-
قان ئادىمىلىك ۋە بىلىملىك بولۇش شەرتىنى ھازىرلاش
ئۈچۈن تىرىشىش، تىرمىشىش زۆرۈر، بولمىسا ئۆز كۆڭ-
لىمىزنى خۇش قىلىپ، «زىيالىي بولماق» يولىدا ئۆزىمىز-
دىن زوقلىنىپلا ئۆتۈپ كېتىمىز، ئاۋام چىن كۆڭلىدىن ئې-
تىراپ قىلمايدۇ، چۈنكى، بىز ئۇلارغا يول باشچى،
سەركە بولغىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىيالمىدۇقتە!».

توغرا، زىيالىي بولماق بىر تۇرلۇك ئالىي شەرەپ،
چىن مەنىسى بىلەن بۇ شەرەپكە نائىل بولماق ئاسان
ئەمەس. بىز بۇ يەردە ئەمەلىي نەتىجىسى ۋە كۆپ تە-
رەپلىمە ئېسىل خىسلەتلىرىگە كۆرە، غالىب بارات
ئەركىنى زىيالىيلىق شەرەپىنىڭ ساھىبى دەرىجىسىدە قە-
دىرلەش ئەمەلىيەتكە ھەم ئەقىلغە ئۇيغۇن دەپ قارايمىز.
ئۇ ئۆز نىشانى ئۈچۈن، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ھەم
تاللىغان مەنزىلى ئۈچۈن ھارماي - تالماي ئىزدىنىۋاتقان
ئادەم. ۋەزىنلىك غايە ۋە ئىشتىياقا ئىگە ئىلمىي خادىم
شۇنداقلا ئەل كەچمىشلىرىنىڭ سىر - مۇئەممالىرىنى
ئېچىپ بېرىشتىكى تىرىشچانلىقى، ئۆتۈقلىرى، ئۆزگىچە
تەپەككۈرى ۋە قايىل قىلارلىق نەتىجىلىرى بىلەن بىز
پەرخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ياش ئالىم.

ئاتاقلىق شائىر، جامائەت ئەربابى، ئۇستاز ئەدەبىي
تەرجىمان ئىمىن ئەھمىدى ئاكا غالىب بارات ئەرك ھەق-
قىدە مۇنداق دەيدۇ: «ياش ئالىم غالىب بارات ئەرك
كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە نەزەرىيە
بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، قەدىمكىنى بۈگۈن
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئالدىنقىلار ئوتتۇرىغا
قويغان قاراشلار بىلەن چەكلەنمەي ياكى ئۇلار ئوتتۇر-
غا قويغان تەسەۋۋۇرلارنى تەكرارلىماي، بەلكى داۋاملىق
ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇردى.
ئۆزى تەكشۈرمەكچى بولغان ئىلمىي نۇقتىلارنى ئەمەلىي
پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەپ، ھازىرغىچە تېپىشماق تەرىق-
سىدە سىر بولۇپ ياتقان مەسىلىلەرنى ئوقۇرمەنلەرنى ۋە
ئىلىم ئەھلىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ
بەردى. شۇنداقلا غالىب بارات ئەرك ئۆز ماقالىلىرىدە
لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە پەلسەپىلىك ئۇيلىنىشنى ئالدىنقى
ئورۇنغا قويدى. ماقالىلىرىغا ئىلمىي قىممەت ۋە نەزەرى-
يەۋى ئاساس بەردى. ئۇنىڭ تارىخ، مىللەت ۋە جۇغرا-
پىيەلىك مۇھىت توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى نەزە-
رىيەدىن نەزەرىيەگە قاراپ ماڭىدىغان كونا تەتقىقات راھ-
كىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بىز چارقىلىقتەك خىلۋەت ما-
كاندا ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى شۇنچە
كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقتا يېتەكلەۋاتقان ياش ئالىم غالىب
بارات ئەركنىڭ قەلىمىگە بەرىكەت تىلەيمىز.»

غالىب بارات ئەرك بارلىقىنى ئىلىم ئىشلىرىغا بېغىش-
لىغان ئادەم.

سىر - مۇئەممالارغا تولغان ھاياتلىق ئالىمى ھەر ئىن-
سانغا، يۈرىكىگە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان، ئىزدەيدىغان،
ئۈمىتلىدىغان مەڭگۈلۈك بىر ئىشتىياقنى ئاتا قىلغان. بۇ
ئىشتىياقنىڭ ئوتى بىلەن نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك
ھاياتى ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتىدۇ، ھەر ئىنسان ئوخشىما-
غان غايە - مەنزىللەرگە قاراپ گاھ ئۇتۇق بىلەن، گاھ
مەغلۇبىيەت بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ. بىزنىڭچە بىر ئادەمنىڭ
مەڭگۈ ۋاز كەچمەيدىغان نىشانىنىڭ، ئۆزى ئۈچۈن ئو-
لۇغۋارلىقى مەڭگۈ سولمايدىغان مەنزىلىنىڭ، شۇ يولدا
تارتقان جاپالىرى، ھارغانلىرى، تالغانلىرى خۇشاللىق تۇ-

يۇلدىغان خۇي - خاراكتېرى، سۆيگۈسىنىڭ بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ بەخت - سائادىتى بولىدۇ. ۋاز كەچمەيدىغان مەنزىل تامام ئەقىل ھەم شجائەت بىلەن، ئەقىدە ۋە پاراسەت بىلەن ئىلگىرىلەش ئادەمنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدا قىممەت - ئېتىبارلىق بولۇشىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يولى. مەنزىل دۇرۇس، ئەل - ئاۋامنىڭ رايى ۋە كۈتكىنىگە مۇناسىپ بولغاندا ھايات تېخىمۇ نۇرلۇق، شەرەپلىك بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن توغرا مەنزىلگە ئىگە بولۇش ئالتۇن ئاچقۇچقا ئىگە بولغانغا باراۋەر دېيىش مۇمكىن. قانداق مەنزىل توغرا مەنزىل بولىدۇ؟ ئەلنىڭ سائادىتىگە مۇناسىپ بولغان، ئەل ئىزدىگەن، ئەل سۆيۈنىدىغان مەنزىل توغرا مەنزىل بولىدۇ. بىر كىشىگە نىسبەتەن توغرا نىشان، غايىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ مەنزىلى ئۆزىنىڭ ئەقلى، خاراكتېرى، قىزىقىشىغا دەل كېلىدىغان، شۇ بىر ئىش بىلەن ئۆمۈربويى شۇغۇللانسىمۇ زېرىكمەيدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ئۈيغۇنلۇق بولغاندا مۇساپە ئۇزارغانچە كەسپكار شۇنچە سۆيۈنىدۇ، شۇنچە تىرىشىدۇ، ھارغىنلىق، مېھنەت تەسلىكى بىلىنمەيدۇ، خاراكتېرىمۇ، بىلىم - چۈشەنچىلىرىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. نەتىجە - ئۇتۇقلار تېخىمۇ ۋەزىنلىك بولىدۇ. تاغنىڭ كەينىدىكى تاغقا يامىشىشتىن رايى يانمايدىغان روھقا ئىگە بولىدۇ.

غالىب بارات ئەركىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە توختىماي ئىزدىنىشلىرى، بىر نىشان ئۈچۈن ئۆزۈكسىز مېھنەت قىلىشلىرى، ئازراقمۇ زېرىكىش ياكى ۋاز كېچىش ئويىدا بولماسلىقى، مۇشۇ ساھەدىكى ئەمگەكلىرىدىن ھۇزۇر ھەم خۇشاللىق تېپىشلىرى بىزگە يۇقىرىقى پىكىرنى بېرىدۇ.

نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىزنىڭ ۋاقتى، زېھنى، تىرىشچانلىقلىرى ئۆزى قىلىدىغان ئىشنى، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئىشنى، ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشنى تېپىپ بولالماي، تاپقان چاغدا كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلىپ ياكى يېرىم يولدا ھېرىپ قېلىش بىلەن بىھۇدە زايە بوپ كېتىدۇ. بۇنداق مىساللارنى ئەتراپىمىزدىن ئەپسۇسلۇق ئىچىدە كۆرۈپ تۇرىمىز. غالىب بارات ئەركە بۇ جەھەتتە تەلەيلىك، ئۇ بالدۇرلا، تۇنجى قەدىمىدىلا ئۆزى ئەڭ سۆيىدىغان كەسپنى، زېرىكمەيدىغان كەسپنى، نىشانىدىن يانمايدىغان كەسپنى تېپىۋالغان، ماڭغانسېرى قەدەملىرى پۇختىلاشقان، ياماشقان داۋانلىرى تىكلەشكەن، قازغان كانلىرى شۇ قەدەر ھوسۇللۇق ھەم دۆۋىسى ئېگىز بولغان تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر ئەپەندى غالىب بارات ئەركە ھەققىدىكى يازمىسىدا، ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئوبرازى ھەققىدە سۆيۈنۈش بىلەن مۇنداق يازىدۇ: «غالىب بارات ئەركە كۆنىمىز شىنجاڭدا يەرلىك مەدەنىيەت، ئانا مەدەنىيەت، ئەسلىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەن ئىنتىلىشچان ۋە سەمەرىلىك ياشلارنىڭ سەركىسى، ئىسمى جىسمىغا مۇناسىپ كېلىدىغان، رايونىمىز گۇمانىتارلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى يۈزلىنىشىگە، يېڭىچە مەدەنىي دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا ئاڭلىق رەۋىشتە ياندىشىپ كېتىۋاتقان تەكلىماكان ئوغلانى».

شۇنداق، غالىب بارات ئەركە زامانىمىزدىكى ئۇتۇق قازانغان تالانتلىق تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرى. مەن غالىب باراتنىڭ تالانتىنى خاراكتېرىگە ماس توغرا نىشان، ئىزچىللىق، دادىل ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە بولاردىنمۇ مۇھىم بولغان قايتماس تىرىشچانلىقتىن كەلگەن دەپ قارىدىم. ئۇنىڭ نەتىجىلىرى بىزگە تالانت ۋە ئۇتۇقنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە بەزى ئويلارنى ئاتا قىلىدۇ. توغرا نىشان ئۈچۈن بىجاندىل ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئەقىدە، ئىزچىل تىرىشىش، جاپانى يېڭىش، ئۆزىنى بېغىشلاش ئىلىم ساھەسىدىكى مۇھىم ئەخلاقىي پىرىنسىپلار جۈملىسىدىن. تالانت مەلۇم مەنىدىن مۇشۇ خىل پىرىنسىپلارنىڭ رېئال ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىشىنىڭ مۇجەسسەمدۇر دېيىشكە بولىدۇ.

غالىب بارات ئەركە ئىلمىي ئۇتۇقلىرى بىلەن كىشىلىك پەزىلىتى مۇستەھكەم بىرىكىپ ئادەمىيلىك خىسلىتىنى چاقناتقان ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى.

غالىب بارات ئەركە بىلەن ئۇزاق يىللىق دوستلۇق ھەم ئىلمىي ھەمكارلىق جەريانىدا، مەن ئۇنىڭدىكى سەممىي خاراكتېرنى، ۋىجدانىي مەسئۇلىيەتنى، كەمتەر ۋە ئاددىي - ساددىلىقنى، مەنپەئەتكە ئۆزىنى ئۇرمايدىغان چىن پەزىلەتنى كۆردۈم ۋە سۆيۈندۈم، نۇرغۇن زامانداشلارغا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر ئالىم بىلەن زاماندىاش ھەم پىكىرداش بولغىنىمدىن پەخىر ھېس قىلدىم. غالىب بارات ئەركە ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىگە، خاراكتېرىگە، ئىچكى تۇيغۇسىغا، يۈرىكىنىڭ تەلپۈنۈشلىرىگە، ۋىج-

دانىنىڭ ئاۋازىغا ئۇيغۇن كەسپنى تاللىغان، كەسپمۇ غالىب بارات ئەركنى تاللىۋالغاندەك قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىلەردىن ئالغاندا، ناۋادا تەقدىرنىڭ بىرەر تەتۈر پۇتاقلىرىنىڭ كاشىلىسىدىن ئىش ئوڭدىن كەلمىگەن بولسا، غالىب بارات ئەرك باشتىلا ئۆزىنىڭ تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىنى تېپىۋالمىغان بولسا بەكلا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغان بولاتتى، ئۆزى ئۈچۈنمۇ، ئاۋام ئۈچۈنمۇ، بۈگۈنكى تارىخ تەتقىقاتى ساھەسى ئۈچۈنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولاتتى.

مەن غالىب بارات ئەركتىن تارىخ تەتقىق قىلمىغان بولسىڭىز نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟ دەپ سورىمىدىم. سورىساممۇ ئۇ بۇ سوئالغا دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەسلىكى مۇمكىن. توغرا، غالىب بارات ئەرك تارىخ تەتقىقاتچىسى بولمىغان بولسا نېمە ئىش قىلاتتى؟ تېلېگراف كەسپىدىن سىرت شائىر، يازغۇچى بولارمىدى؟ تەرجىمان ياكى فوتوگراف بولارمىدى؟ بىزنىڭچە غالىب بارات ئەركنىڭ ھەرقانداق كەسپنى قىلغىنىدىن تارىخ ۋە مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلغىنى ئۆزىنىڭمۇ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر تارىخچىلىقى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ ئامەت.

مەن غالىب باراتنىڭ نەتىجىلىرىدىن سۆيۈنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى، مەن مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم: ناۋادا غالىب بارات ئەرك ئۆزىنىڭ تېلېگراف كەسپىنىلا قىلىپ، باشقا ئىشلارغا قىزىقماي، ئىدارىسى بەرگەن مائاشنى خەجلەپلا ئۆتكەن ئادەم بولغان بولسا، «كىرورانىنىڭ سىرى»، «چەرچەننىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى»، «مەھمۇد كاشغەري ئىزىدىن»، «كىرورانىنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» دېگەندەك نادىر كىتابلار يېزىلمىغان بولاتتى. ناۋادا غالىب بارات ئەرك كۈنلىرىنى تېلېۋىزور كۆرۈش، تۈگىمەس ئادەمگەرچىلىك ۋە ئويۇن تاماشىلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئادەم بولغىنىدا «تارىمنىڭ كۆز يېشى ۋە تەبەسسۇمى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتە چېكىنىشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەر» كەبى پىكىرگە باي تەتقىقات ماقالىلىرى شۇنداقلا كىرورانىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ۋەزنلىك ئەسەرلەر يېزىلمىغان بولاتتى. ئۇنداق بولغاندا، ئۇيغۇرلاردا كىرورانشۇناسلىق ئىلمىنى تىرەپ تۇرىدىغان بىر ئالىم كەم بولاتتى، ئۇيغۇرلاردا يەر ناملىرى تەتقىقاتىنى سىجىل يۈرگۈزۈۋاتقان تەتقىقاتچى كەم بولاتتى. ئۈزۈكسىز ئىزدىنىپ، بارغانسېرى زور ئىشلارنى قىلىۋاتقان يۇقىرى ھوسۇللۇق تارىخچى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بىر مۇھىم ئىلمىي خادىمى كەم بولاتتى، لوپنۇرشۇناسلىقتىن ئىبارەت ئىلمىي ساھەگە كۈچ قوشۇۋاتقان ۋە تارىخىمىزدىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى يازىدىغان بىر قەلەم ساھىبى كەم بولاتتى. كىشىلىكتە شەخسنىڭ رولىنى زىيادە كۆپتۈرۈش توغرا ئەمەس، ئەمما بىر ئادەمنىڭ بەزى ساھەلەردىكى زور ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيمەن. سۆيۈنىمىزكى، بىز كۆڭۈلگە ياقمايدىغان تەرەپتىن ئويلىغان نۇرغۇن ئېھتىماللىقلارنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرمەي غالىب بارات ئەرك تارىخ ئۆگەندى، تارىخ تەتقىق قىلدى، قەدىمي ھەم بۈگۈنكى مەدەنىيەتلەر ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزدى. غالىب بارات ئەرك ئۇيغۇر كىرورانشۇناسلىقى، لوپنۇرشۇناسلىقى، يەر ناملىرى تەتقىقاتى ساھەسىدە ئەڭ كۆپ ئەمگەك قىلىۋاتقان ئادەم، شۇنداقلا مۇشۇ ساھەدە سەركىلىك رول ئويناۋاتقان ئادەم. ئۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان ساناقلىق ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى.

غالىب بارات ئەرك تارىخ ھەم مەدەنىيەتنىڭ كۆپ تارماقلىرى بويىچە ئىزدىنىۋاتقان ئىلمىي خادىم. تارىخ تەتقىقاتى، مەدەنىيەت تەتقىقاتى، يەر ناملىرى تەتقىقاتى، كىرورانشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەلىرى بويىچە تەتقىقات يۈرگۈزگەن ھەم مول نەتىجىلەرنى ياراتقان ئالىم، بولۇپمۇ ئانا ماكانىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، پارلاق مەدەنىيىتى ۋە سىرلىق كەچمىشلىرىنى ئۆزىنىڭ سىرىغا ئايلاندۇرغان قەدىمكى كىروران تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرىگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇر تىلى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەر نۇقتىسىدىن غالىب بارات ئەرك بۇ ساھەدە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. ئانا يۇرتىنىڭ تارىخى، ئەجدادلارنىڭ ئىزلىرى ھەققىدىكى بىلىشلىرىمىز كىرورانشۇناسلىقتىن مۇستەسنا ئۇنۇملۇك بولمايدۇ. كىرورانشۇناسلىق يەنە نۆۋەتتە بىر خەلقئارالىق ئىلىم، مۇشۇنداق قىيىنلىق دەرىجىسى زور ھەم خەلقئارالاشقان ئىلىم ساھەسىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش غالىب بارات ئەركنىڭ بىز سۆيۈنىدىغان مۇھىم ئىلمىي ئۇتۇقى ھېسابلىنىدۇ. كىرورانشۇناسلىق بىزگە ئەڭ مۇناسىۋەتلىك ئىلىم شۇنداقلا دۇنياۋى ئىلىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بىز

بىلىشكە ۋە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك زۆرۈر ئىلىملەرنىڭ بىرى. كۈنىمىزدە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم كىروران دېگەن نامنى بىلىدۇ، ئەمما كىروراننىڭ ئۆتمۈشى، قىسمەت - كەچمىشلىرى، ئۇنىڭ بىز بىلەن بولغان باغلىنىشى ۋە كىروراننىڭ خارابىلىشىشىدىن بىز ئالىدىغان ئىبرەت ھەققىدە بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

غالىب بارات ئەرك كىرورانشۇناسلىق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىروران قەدىمكى تارىخنىڭ، قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بەلگە تېشى. كىرورانشۇناسلىق يىپەك يولىنىڭ تارىخى ۋە مۇشۇ يول ئارقىلىق بولغان شەرق - غەرب مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كىروران تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈنلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن يەنە، تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئۆزگىرىشلىرى، ئېكولوگىيەسى ۋە باشقا جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى بولغان لوپ كۆلى تارىم ۋادىسىنىڭ ھەر بىر تېۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرغان غايەت چوڭ قۇلاق ئىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، كىرورانشۇناسلىق جۇغراپىيە، ئېكولوگىيە، تارىخ، مەدەنىيەت، كۇلتۇر (شەرق - غەرب ئالاقىسىدىكى ئورنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىنسانشۇناسلىق (تەن ئانتوپورولوگىيەسى، ئىرسىيەت ۋە باشقا تارماق ئىلىملەرنى، بۇ يەردىن بايقالغان 4000 يىلدىن بۇيانقى قەدىمكى جەسەتلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تىل - يېزىق، سەنئەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا كىرورانشۇناسلىق قانداقتۇر يەرلىك زونا ئۈستىدىكى تەتقىقات بولماستىن، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەر ئالاھىدە قىزىقىدىغان ياش بىر ئىلىمدۇر».

شۇنداق، كىروران ئانا زېمىنىمىزدىكى قەدىمكى شەھەر، بىز بۇ شەھەرنىڭ ھەقدارلىرى. ئەمما كىروراننى، ئۇنىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرىنى، ئەينى زاماندىكى شان شەرەپلىرىنى بىلىشىمىز ناھايىتى ئاز بولدى، كىرورانشۇناسلىق بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىلىم ئىدى. ئۇيغۇرلاردا كىرورانشۇناسلىق مەۋجۇت دېسەك، ئۇنى غالىب بارات ئەڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ، دېيىش مۇمكىن. غالىب بارات ئەركنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىنى بىلىش ئۈچۈن نېمە ئۈچۈن تارىخ تەتقىق قىلىدىغانلىقىمىز، نېمە ئۈچۈن تارىخ ئۆگىنىدىغانلىقىمىز، بۇلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بارلىقى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىرگە ئىگە بولۇشىمىز زۆرۈر.

غالىب بارات ئەرك نۇرغۇن يىللاردىن بېرى تارىخ ئۆگەندى، تارىخ تەتقىق قىلدى، تارىخنىڭ سىرلىرىدىن بىزگە ئۇچۇر بەردى. تارىخ بىزگە ئەجدادلارنىڭ شان - شەرىپى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپ، پەخىر - ئىپتىخار ئاتا قىلىدۇ، بىزگە كۈچ ۋە ئىجتىھات بېغىشلايدۇ، كىملىكىمىز، مەۋجۇتلۇقىمىز، بۈگۈنىمىز، كەلگۈسىمىز ھەققىدە ۋەزىنلىك تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. تارىخ يەنە ئۆتمۈشنىڭ نومۇسسىزلىقلىرى، شەرەپسىزلىكلىرى، شەرمەندىچىلىكلىرىنى ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ئېيتىپ بېرىپ، بىزنى ھەر قاچان ئاگاھ ۋە دانا بولۇشقا چاقىرىدۇ. تارىخ بىزگە بۈگۈننىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەم كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇر ھەم ئويلىنىشقا ئۈندەكچىلىك قىلىدۇ. تارىخ بۇرۇنقىلارنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى دەپ بېرىش بىلەن بىللە، بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە بېشارەت بېرىدۇ. زامانىسىدا كۈچلۈك مەدەنىيەت ياراتقان قەدىمىي ئەل كىروراننىڭ سىياسىي بۇزۇلۇش، ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇش، مەنىۋى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن خۇددى ئەزەلدىن ھاياتلىق بولۇپ باقمىغاندەك خارابىگە ئايلىنىشى بىزگە بۈگۈنكى ھاياتنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى، ئادەم ۋە تەبىئەتنىڭ بىرلىكى، بۇزۇلۇش، ۋەيرانلىقتىن ساقلىنىشنىڭ شەرت ۋە يوللىرى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە توغرىلىققا ئەمەل قىلىشنىڭ مۇتلەق زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

تارىخشۇناسلىق مۇرەككەپ ئىلىم، شۇنداقلا چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىلىم، ئۇ نۆۋەتتە ئىنسانشۇناسلىق، ئېكولوگىيە، مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا چېتىلىش بىلەن بىللە يەنە مۇرەككەپ ھەم يۇقىرى ئۆلچەمدىكى ئىلمىي مېتودنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تارىخچىلىق ساھەسىگە بېغىشلىغان غالىب بارات ئەرك تارىخ تەتقىقاتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تارىخ، مەدەنىيەت، فولكلور بولسۇن ھەرقانداق بىر ئىلىمنىڭ ئۆزىنىڭ تەتقىقات مېتودى، سىستېمىلىق نەزەرىيە ئاساسلىرى بار. بىزدە ھازىر ئاجىز تەرەپ قانداق دېگەندە سىستېمىلىق نەزەرىيە ئاساسلىرىنى ئۆگىنىش كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. سىستېمىلىق نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنمەسلىك، تەتقىقات مېتودىنى چۈشەن-

مەسىلىك سەۋەبىدىن تارىخ تەتقىقاتىغا ئاتالغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئاجىزلىقلىرى كۆپ كۆرۈلمەكتە. ئەسەرلەردە ئىلمىي تەتقىقات مېتودى تەتبىقلانمىغانلىقتىن ئىلمىي بايانلاردىن كۆرە ھېسسىي بايانلار كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ. بىزدە يەنە ئۇچۇرلارنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇپ تەتقىقاتتا قوللىنىشنىڭ كەمچىل بولۇشىمۇ بىر مەسىلىدۇر. تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئارخېئولوگىيە، تىل، كۇلتۇر، فولكلور، يېزىق، مىللەتشۇناسلىق، ۋەسىقەشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش زۆرۈر. بىزدە تارىخ تەتقىقاتى دېيىلسە ئاساسەن يازما ئۇچۇرلار ۋە ئېغىز بايانلار (ئەپسانە، رىۋايەت، ئەسلىمە) مۇھىم مەنبە سۈپىتىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ، بۇ تەتقىقاتتا مەنبەلەرنى ناھايىتى چەكلىك دائىرىگە يىغىنچاقلاپ قويغانلىق بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە ئۇچۇرلاردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلانماسلىقمۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىمىزدىن سانىلىدۇ. تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ماتېرىيال مەنبەيى ناھايىتى كەڭ بولۇپ كۆپ پەنلەرگە چېتىشىدۇ، ھەرقايسى پەنلەرنىڭ كېسىشمىسىدە تۇرۇپ، ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىش، يېڭى تەتقىقات مېتودلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، تار ئىدىيەۋى رامكىلارغا كىرىۋېلىشتىن ساقلىنىش تولىمۇ زۆرۈر».

تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ يېڭى نەتىجىلەرنى مۇۋاپىق يوسۇندا تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كۈنىمىزدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي ئىشلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇشۇ ساھەدىكى نەتىجىلەردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش ۋە ئۇنى تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشمۇ ئىلىم ساھەسىنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە غالىب بارات ئەركىننىڭ تىرىشچانلىقى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. 2009 - يىلى «چەرچەننىڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىنى يېزىۋاتقىنىمىزدا، غالىب بارات ئەرك تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، چىڭخەي ئۆلكىسى دائىرىسىگە خىزمەت بىلەن بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تور ئارقىلىق، چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن چىققان جەسەتلەرنىڭ DNAسىنى ئايرىش جەھەتتىكى ئەڭ يېڭى پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئىگىلەپ، چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمىي ئادەملىرىنىڭ گېن قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي بايقاشلارنى چەرچەننىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئۈنۈملۈك قوللاندى، يەنى جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالىملارنىڭ زاغۇنلۇقتىكى جەسەتلەرنىڭ گېن تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلىق ئۇچۇرىنى كىتابقا كىرگۈزدى. ئەڭ يېڭى پەن تەتقىقاتى نەتىجىسىنى دەل ۋاقتىدا بىلىش توختىماي ئىزدىنىش ۋە ماتېرىيال ئىزدەشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنى ئۆز تەتقىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىر تۈرلۈك ئىلمىي پاراسەت ۋە ئىلمىي پەزىلەت. بۇ تەتقىقاتنىڭ ئۈنۈملۈك، ئىشەنچلىك دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى، ئىلىم ساھەسىنىڭ تەلەپ - ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن توختاۋسىز ماتېرىيال يىغىپ كەلدى، ئىمكانىنىڭ يار بېرىشىچە مول ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى.

تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي پوزىتسىيەنىڭ مۇھىملىقى ھەممىگە ئايان. غالىب بارات ئەركىننىڭ كەڭ ھەم مول ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشلىرى ئۇنىڭ ئىلىم تەتقىقاتىدا ئىلمىي پوزىتسىيەگە ئەڭ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى.

تارىخ تەتقىقاتىغا كۆرە، ئىلمىي پوزىتسىيە ئەڭ كەڭ دائىرىدە پاكىت توپلاش ۋە پاكىت ئارقىلىق كۆز قاراشنى دەلىللەشنى كۆرسىتىدۇ. ۋاقىت ھەم تەسەۋۋۇر جەھەتتىن بىزدىن بەك يىراقتا قالغان زامان ھەم ماكان ۋەقەلىرى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئەينەنلىكى، ئىلمىيلىكى ئۈچۈن مول ماتېرىيال مەنبەسى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، غالىب بارات ئەركىننىڭ توختاۋسىز ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئىچىدىكى تېخىمۇ مۇھىم ئىزدىنىشلىرىنىڭ بىرى ئۈزۈكسىز ماتېرىيال يىغىش، ماتېرىيال توپلاش، تۈرلۈك مەنبەلەردىكى ماتېرىياللارنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ، ئەڭ ئىشەنچلىكلىرىنى تاللىۋېلىشتا كۆرۈلىدۇ. غالىب بارات ئەركىننىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي پوزىتسىيەسى ھەققىدە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، يەر ناملىرى تەتقىقاتچىسى ئىمىر غىياس ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۈپ مۇددىئاسى پەقەت ۋە پەقەتلا تارىخىي پاكىتنى ئاساس قىلىش، ئەجدادلار ياراتقان تارىخنى ئەينەن يورۇتۇپ ئەۋلادلارنى توغرا تارىخىي بىلىشكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ ئەرك ئەسەرلىرىدە

باشتىن - ئاياق ئىزچىللىشىپ كەتكەن ئىلمىي مېتودتۇر. غالىب بارات ئەرك ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ «كرورانىنىڭ سىرى»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» لوپنۇر قىسمى (مەرھۇم يازغۇچى ۋە لوپنۇرشۇناس مۆيدىن سايىت ئەپەندى بىلەن بىللە تۈزگەن)، «مەھمۇد كاشغەرىي ئىزىدىن»، «چەرچەننىڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» (تۇرسۇن مەھمۇد بىلەن بىللە يازغان)، «كروران تارىخ - مەدەنىيىتى» قاتارلىق كىتابلىرىدا روشەن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كىتابلىرى بىر تەلەپچان ئىزدەنگۈچىگە خاس ئىلمىي روھنى نامايان قىلغان، «ھېسسىيات تەپى»دىكى قەلەمكەشلەرگە قارىغۇلارچە ئەگەشمىگەن، ئەكسىچە دادىل ئىزدىنىپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. غالىب بارات ئەرك ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، جۇڭگو ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ شىخى بولغان لوپنۇرشۇناسلىق ئىلمىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، ئۇنىڭ يېڭى بىر شىخى ۋە تارمىقى بولغان چەرچەن - چاقىلىقشۇناسلىق ئىلمىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى دۆلەت ئىچىگە تونۇتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، غالىب بارات ئەرك ئۇيغۇر يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن پەننىي تىپ، بايراقدار تەتقىقاتچى، ئۇستاز ئەدىب، ئۇستاز يەر ناملىرى پېداگوكى».

ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا 1000 تۈرلۈك ھېسسىي بايان ۋە ھاياجانلىق خىتابلاردىن بىر كەلىمە پاكىتنىڭ كۈچى ئارتۇق. غالىب بارات ئەرك تارىخ تەتقىقاتىدا ماتېرىيالنىڭ قىممىتى ۋە ماتېرىيال يىغىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئۇ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «مەن تەتقىقات ئىشلىرىمدا ماتېرىيال مەنبەسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلدىم، شۇڭا تۈرلۈك چارىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ، پايدىلىنىپ كېلىۋاتىمەن. مەيلى قانداق ئىش بىلەن بىرەر جايغا بارسام كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان ئىشىم ماتېرىيال يىغىش بولىدۇ. ماتېرىيال يىغىشتا ئاساسەن كىتابخانا ۋە كونا كىتابلارنى ساتىدىغان يايمىلاردىن ماتېرىيال ئىزدەش، تور كىتابخانىلىرى ۋە كۇتۇپخانىلىرى، ماتېرىيال ئامبارلىرىدىن كىتاب ئىزدەش ۋە سېتىۋېلىش، ئىلىم ئىگىلىرى ۋە دوستلارنىڭ يارىدىمىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ھەر خىل تىل - يېزىق مەزمۇنىدىكى كىتاب ماتېرىياللارنى يىغىپ، تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىلمىي مېتود ئارقىلىق پايدىلىنىپ كەلمەكتىمەن. مەسىلەن: «چاۋشىڭ رەقەملىك كۇتۇپخانىسى»، «كوڭفۇزى تورى»، «ئامازون تور كىتابخانىسى»... قاتارلىقلاردىن مۇناسىۋەتلىك كىتاب (ئېلېكترونلۇق كىتابلارمۇ ناھايىتى نۇرغۇن)لارنى سېتىۋالغان بولسام، ئىلىم ئىگىلىرىدىن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتتۇر، ھەببۇللا خوجا لەمجىنى، ھەببۇللا قادىرى، ئىسمايىل ئابدۇرەھىم، ئېلى غوپۇر، ئەخمەت ھېمىت... قاتارلىق نۇرغۇن ئۇستازلار، دوستلار ياردەم قىلىپ كەلدى. مەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە سىستېمىلىق مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەچكە ھەر بىر يولۇققان مەسىلىنى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىش، مۇناسىۋەتلىك دەرسلىك ياكى ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەلىرىگە تەتبىقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ بىلىم قۇرۇلمامنى تولۇقلاپ كەلدىم».

غالىب بارات ئەركىنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىلىرى، كىشىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىدا پاكىتنى ئاساس، ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىشتەك ئىلمىي غۇرۇرى كۆپلىگەن ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن.

تارىخ تەتقىقاتچىسى، ژۇرنالىست، مول ھوسۇللۇق تەرجىمان ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى غالىب بارات ئەركىنىڭ ئىزدىنىش روھى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «مەن غالىب بارات ئەركىنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىش روھىغا تولىمۇ قايىل، ئۇ تارىخ تەتقىقاتچىسىغا خاس روھ بىلەن تىنىمسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەر تەرەپلىمە ماتېرىيال توپلاپ، ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە پاكىت - ئاساسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، مەن ئۇزاق يىللىق ئوقۇش - تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا غالىب بارات ئەركىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتۇم، نۇرغۇن تارىخىي، ئىلمىي مەسىلىلەردە پىكىرلەشتۇق، ھەمكارلاشتۇق، تۈزىتىش پىكىرلىرىمگە تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. غالىب بارات ئەرك تارىخ تەتقىقاتىغا زۆرۈر بولغان كىتاب ماتېرىياللارنى ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان چەت - ياقا يۇرتتا ياشىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدە ماتېرىيال مەنبەسى تولىمۇ مول، ئۇچۇرچانلىقى يۇقىرى، تۈرلۈك ئىلمىي، تارىخىي يازمىلاردىن كەلتۈرۈلگەن پاكىتلارنىڭ سالمىقى كىشىنى قايىل قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆلگەن يېزىق دەپ قا-

رالغان قارۇشتى يېزىقدىكى ئەسەرلەردىن پايدىلىنىش ۋە ئۆگىنىشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. ئەسەرلىرىنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن يۇقىرى ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىشقا تىرىشقان، بۇ جەھەتتە بىز غالىب بارات ئەركىكە قايىل بولماي تۇرالمايمىز».

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك غالىب بارات ئەركىنىڭ ئەمگەكلىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئۇتۇقلىرى قاتارىدا «ئۆتمۈشنىڭ تامغىسى» دەپ تەرىپلەنگەن يەر ناملىرى تەتقىقاتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يەر ناملىرى تارىخ ھەم مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئۆزگىچە تارماق ئىلىم بولۇش سۈپىتىدە مۇرەككەپلىكى، كۆپ ساھەلەرگە چېتىلىدىغان خاراكتېرى بىلەن زور كۈچ بىلەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى، شۇنداقلا يەنە تېز ئۇنتۇلۇش دەۋرىگە كىرىپ قالغان ھالىتى بىلەن جىددىي توپلاش ھەم تەتقىق قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئىلىملەرنىڭ بىرى، ئەجدادلار ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان يەر ناملىرى ھەققىدە «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، يەر ناملىرى تەتقىقاتچىسى ئىمىر غىياس ئەپەندى يەر ناملىرى ھەققىدە مۇنداق ھاياجانلىق، ۋەزنىلىك پىكىرلەرنى قىلىدۇ. «ئۇيغۇر يەر ناملىرى تەتقىقاتچىلىرىغا شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇيغۇر يەر ناملىرى ئۇيغۇر تىلى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تۆرەم ۋە شاھەنشاھ ئەزاسى. چۈنكى، يەر ناملىرى ئىنسانىنىڭ يۇرت ۋە ۋەتەن تارىخى، تەۋەلىكى ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسى ۋە ‹قاشقىسى› قىلىنىدىغان ئىناۋەتلىك كىملىكتۇر، ئۇ يۇرت كىشىلىرى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز ئەتىۋارلاپ قوللىنىلىش، ئاسان ئۆزگىرىپ ۋە يوقىلىپ كەتمەسلىك، يۇرت كىشىلىرىگە ئەبەدىي پاناھگاھ ۋە ئارامگاھ بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇ ھەم تىلنىڭ تۇراقلىق بىرىكمىلىرى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى خۇددى كىشى ئىسىملىرىدەك مۇقىم، تۇراقلىق، بىرلا خىل بولىدۇ، تەركىبىدىكى سۆزلەر (ئەلۋەتتە ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن بولسا)نىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا، قىسقارتىشقا، چۈشۈرۈپ قويۇشقا، باشقا بىرەر كەلىمىنى قوشۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ھەتتا ئىملا جەھەتتىنمۇ مۇتلەق توغرا يېزىش تەلىپى قويۇلىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر مۇقەددەس كىملىككى، ئۇ قىزلارنىڭ خالى، ئەلنىڭ قاشقىسى، ئەلنىڭ نامى، ئەلنىڭ تۇغى، ئانا يۇرتنىڭ ئىسمى، ئانا يۇرتنىڭ كىملىكى. ئۇ مۇئەييەن بىر يۇرت خەلقى تەرىپىدىن قوللىنىلغان ۋاقتى، جەريانى، مەزمۇنى بولۇش، شۇ يەر خەلقى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانلىق ۋە ئىشلىتىلگەنلىك ئىسپاتى بولۇش، جۈملىدىن ئۇنىڭ يەنە باشقا تىلدىمۇ ساقلىنىپ قالغانلىق ۋارىيانتى بولۇش، ئېتىمولوگىيە ئىلمىگە تەتقىقات ئوبيېكتى بولالايدىغان بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە».

غالىب بارات ئەرك يەر ناملىرى تەتقىقاتىنى ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات نىشانى قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزگىچە مېتود ھەم جاپالىق ئەجرىدىن يورۇق كۆرگەن «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەر كاتاك»، «كورلا نامى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تارىم نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا»، «كۆنچى نامى ھەققىدە ئۆزگىچە پىكىر»، «ئالتە شەھەر قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟»، «كىنىگتىمۇ ياكى كىڭۇت»، «چىن ۋە ماچىن نامى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» قاتارلىق ماقالىلىرى نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى ۋە شۇ قاتاردىكى ئەسەرلىرى داۋاملىق ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. يەر ناملىرى قەدىمكى تارىخ ياكى مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئوخشاشلا چىگىش، مۇرەككەپ، كۈچلۈك ئىلمىيلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ساھە. غالىب بارات ئەرك بۇ ساھەدە ئۇتۇق قازانغان تەتقىقاتچى. ئۇ ئەڭ كەڭ ماتېرىيال مەنبەسىگە ئاساسلىنىش ۋە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان تۈرلۈك ماتېرىياللارنى ئەستايىدىللىق بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇن ئىلمىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى، يەر ناملىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن بىر قىسىم خاتا ياكى مۇجمەل قاراشلارنى ئوڭشىدى، گۇمانىي مەسىلىلەرنى يېشىپ چىقتى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پەخرىلىك ئۇستاز تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش ئەپەندى غالىب بارات ئەركىنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ھەققىدىكى تەسراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «غالىب بارات ئەرك ئەپەندى تارىخ ۋە مەدەنىيىتىمىز، توپونومىيە ئىلمى ھەققىدە ئىزدىنىپ، باشقىلارغا ئاز مۇيەسسەر بولىدىغان پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىق، ئىزدىنىش روھى، تالانتى، جاسارىتى بىلەن ‹كروراننىڭ سىرى›، ‹مەھمۇد كاشغەرىي ئىزدىن›، ‹كروران تارىخ - مەدەنىيىتى›، ‹چەرچەننىڭ تارىخ - مەدەنىيىتى› (تۇرسۇن مەھمۇد بىلەن ھەمكارلىقتا يازغان) قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەرلىرى، تارىخ -

مەدەنىيەت تەتقىقاتى، يەر - جاي ناملىرى ۋە ئاتالغۇلار
تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان 250 پارچىدىن ئارتۇق، خۇددى
ئانا تارىم دەرياسىنىڭ توختاۋسىز سۇلىرىدەك گېزىت -
ژۇرناللار سەھىپىسىدە «ئېقىۋاتقان» سەرخىل ماقالىلىرى
ئارقىلىق يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس, بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر
جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ئالقىش - تەشەك-
كۈرلىرىگە نائىل بولغان ياش، مول - ھوسۇللۇق تارىخ-
شۇناس، شۇ جۈملىدىن كرورانشۇناس ھەم توپونۇمىيە-
شۇناستۇر. كەمىنە ئۇدۇمشىنىڭ ھېس قىلىشىچە، غالىب
بارات ئەرك ئەپەندىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە مۇنداق
ئىككى خىل ئالاھىدىلىكى يارقىن گەۋدىلەنگەن. بىرىن-
چىدىن، ئەرك ئەپەندىمنىڭ كەڭ ساھەلىك تەتقىقاتلىرى-
نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ئىنتايىن مول ھەم يېڭى، ئۇ
قايسى تېمىنى تەتقىق قىلسۇن، ئاۋۋال شۇ تېمىغا مۇناس-
ۋەتلىك بارلىق ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىش-
چە، كۆپلەپ توپلاپ، ئۇ ماتېرىياللارنى ئەستايىدىللىق
بىلەن قايتا - قايتا كۆرۈپ، مۇلاھىزە قىلىپ، شۇ ماتېرى-
ياللار ئىچىدىن ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلىيالايدى-
غان، يۇقىرى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يەنى ئارخېئولو-
گىيەلىك تارىخىي يازما ماتېرىياللارنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە
تەكشۈرۈش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللىرىنى
تاللاپ كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ھەق-
قىي، ئىلمىي بولۇشىغا پۇختا ئاساس سالغان؛ ئىككىنچى-
دىن، ئەرك ئەپەندىمنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقان ساھەسى ئىن-
تايىن نازۇك بىر كەسىپ، بۇ كەسىپ ئەدەبىي - ئىجادى-
يەتلەردەك كۆچلۈك ھېسسىيات تەلەپ قىلماستىن، بەلكى
كۈچلۈك ئىلمىيلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر
چۈشەنگەن زېرەك ئەرك ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەم-
گەكلىرىدە تولىمۇ ئەستايىدىل بولۇپ، كۆپ ئىزدىنىپ،
ھېسسىيات، غۇرۇرىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تارتىپ ھەر
بىر تەتقىقات تېمىسى ئۈستىدە ئىلمىي، ئىجادىي پىكىر
يۈرگۈزۈپ، ئۇقۇرمەنلەرنى قايىل قىلارلىق مۇپەسسەل
كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھەققىي تا-
رىخشۇناسقا خاس ئىلمىي مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ئۇس-
لۇبىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە شەكىللەندۈرمەكتە»».

غالىب بارات ئەرك كۆپ ساھەلەر بويىچە ئۇنۇم-
لۈك ئەمگەكلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملىرىمىز-
نىڭ بىرى.

بىزنىڭ تارىخچىلىقىمىزدا، مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىزدا،
ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزدا، ئەقىدە - ئېتىقاد، كۈندىلىك مۇ-
ناسىۋەتلىرىمىزدە، لەۋزى ھالاللىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق
دېگەندەك ساھەلىرىمىزدە مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. مۇشۇ
مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىدىغان، ھەقىقەتنى ۋە
يولنى تېپىپ چىقىدىغان ئالىم، زىيالىيلار كېرەك. ئۇيغۇر-
دا كەم نەرسە ئالىم بولۇشى مۇمكىن. ئالىمنىڭ كەملىكى
بىزدە جىق ئىشلارنىڭ كەملىكىنى پەيدا قىلغان.

10 مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە جامائەت ۋە ئىلىم
ساھەسى ئېتىراپ قىلغان ئالىم قانچىلىك؟ شۇلارنىڭ ئى-
چىدە ئەڭ قىيىن ئۆتكەللەرنى بايقاپ، توختاۋسىز،
دادىل، ئىلمىي يوسۇندا دائىم ئىزىنىدىغانلىرى قانچى-
لىك؟ بۇ سوئاللار بىزنى ئويلاندۇرىدۇ، بىر مىللەتنىڭ
ئالىمى بولماق ئاسان ئەمەس. مەشھۇر يازغۇچىمىز مەھ-
تىمىن ھوشۇر ئەپەندى نەزەرىيە فىزىكىسى توغرۇلۇق
جاپالىق ئىزدەنگەن قاسىم سىدىق ئەپەندىنىڭ فىزىكا ئى-
لمى ساھەسىدىكى بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش
ۋە كىشىلەرنىڭ باھا ياكى پوزىتسىيەسىنى بىلىپ بېقىش
جەريانىدا تارتقان ھەرەجلىرى ھەققىدە يازغان ماقالىسى-
غا: «ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس» دەپ ماۋزۇ قويغان.
ئەمەلىيەتتە بۇ ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنىڭ ئۆزىلا بىر
ھېكمەت. شۇنداق، ئالىم بولماق ھەقىقەتەن ئاسان
ئەمەس. بەزىلەر دەيدۇ: «ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماق
تەس»، دەپ. بىزچە ھەر ئىككىسى تەس، ئادەم بولماق-
مۇ، ئالىم بولماقمۇ تەس، بۇ يەردە شۇنداق بىر گەپنى
قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، ئادىمىلىككە بېرىلگەن
تەبىرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزدە شۇنداق
بىر غەيرىي رەسمىي پىرىنسىپ مەۋجۇتكى، چىرايىدىن
تەبەسسۇم كەتمەيدىغان، سالام - سائەتتى جايىدا، كىشى-
لىك مۇناسىۋەتتىكى ئىللىق چىرايلىقىدىن باشقا، ۋەتەن
خەلققە ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ تەگمەيدىغان ئادەملەر
زور كۆپچىلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ياخشى ئادەم،
مۇلايىم ئادەم، ئېسىل ئادەم دەپ قارىلىپ، ھۆرمەتكە
سازاۋەر بولىدۇ، تۆرگە باشلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق
ئادەملەر ئۆمرىدە بىر تۈپ كۆچەت تىكمەيدۇ، ئىككى
قەدەم ئېرىق چېپىپ ئەلنىڭ پايدىسىغا سۇ باشلىمايدۇ،
ئەڭ ئاددىي ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىدىمۇ ئىككى ئېغىز
لىللا گەپ قىلىشقا يارىمايدۇ، پەقەت يامانلىق قىلمايدۇ
خالاس، يامانلىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى ئادەم
دېگەن باھاغا ۋە مۇئامىلىگە نائىل بولىدۇ. بۇ بەلكىم يا-

مانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر، دېگەن مۇجمەل ئۆلچەمگە ئاساسەن پەيدا بولغان قاراش ياكى كەيپىيات بولۇشى مۇمكىن. يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر، دېگەن بۇ سۆزنى تولا تەرغىب قىلىشقا، ئۆلچەمگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ، بۇ ئىنسانلىق سۈپەت ۋە كىشىلىك پەزىلەتكە قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ ئۆلچىمىنى ئاساسسىز ھەم بىمەنە يوسۇندا تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك بولىدۇ. ياخشى ئادەم چوقۇم ئەلگە، يۇرت مەھەللىگە، جامائەتكە پايدىسى تېگىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان، ئەقىدە - ئېتىقادى مۇستەھكەم، ھەق - ناھەق كۆز قارىشى ئايدىڭ، ئىزگۈ ئىشلارغا باشلايدىغان، ھەمدەم بولىدىغان، يامان ئىشلارنى دادىل چەكلەيدىغان، ئىلىم - مەرىپەت، غۇرۇر - ئىمانغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. يامانلىق قىلمىغاندىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى سانىلىپ قالىدىغان ئادەملەر بىز ماختايدىغان ئادەملەر بولماي، بەلكى ھايات ئۈچۈن ئەخلەت ئىنسانلار بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئەخلاق نۇقتىسىدىن پرىنسىپسىز ماختاش ياكى تىللاش، پرىنسىپسىز يول قويۇش ياكى سۈكۈت قىلىش، پرىنسىپسىز كەڭ قورساقلىق ۋە بولدى قىلىۋېتىش تېخىمۇ ئېغىر پرىنسىپسىزلىق، نادۇرۇسلۇقلارنى پەيدا قىلىدىغان مەنبەگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەمىيلىك شەرىپى ۋە ئۆلچىمىگە نىسبەتەن بوشاڭ ھەم مۇجمەللىكنىڭ ئېغىر بولۇشى سەۋەبىدىن بىزدە ئالىم بولۇپمۇ ئادەم بولالمىغانلار كۆپ، ئادەم بولۇپ ئالىم بولالمىغانلار ساماندەك. مۇشۇنداق ئەپسۇسلۇق ئويلارغا پاتقىنىمىزدا، غالىب بارات ئەركىنىڭ كەمتەر، تىرىشچان، كىچىك پېئىل، مۇلايىم پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئىلمىي نەتىجىلىرى ئۇنىڭ ھەم ئادەم بولغان ھەم ئالىم بولغان كىشى ئىكەنلىكىنى سەممىزگە سالىدۇ. ئۇنىڭغا ئادەملىكمۇ، ئالىملىقمۇ بىر ئۆمۈر نېسىپ بولسۇن دەيمىز. ئادەم بولۇش شەرىپىگە يەتكەن، ئالىم بولۇش مەقامىغا يەتكەنلەرنىڭ بىزدە يۇلتۇزدەك ئاۋۇشىنى تىلەيمىز.

ئالىمنىڭ ئۆلچىمى، سۈپىتى ھەققىدە ھەركىمنىڭ قارىشى ئۆزىگە خاس بولىدۇ. بىز غالىب بارات ئەركىنى ئالىم دېيىشكە جۈرئەت قىلدۇق.

غالىب بارات ئەركىنىڭ مېنىڭ ئالىم ۋە ئالىملىق سۈپەت ھەققىدىكى سوئالىمغا مۇنداق جاۋاب يازدى: «ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-، 90-يىللىرىدا بىرەر يازمىدىن ئالىم دېگەن ئىبارىنى كۆرگىنىمدە ئىزگۈ ھېسلارغا چۆمۈلەتتىم. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ ئوقۇغان، كۆرگەن، بىلگەنلىرىمنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئالىم دېگەن باھانى كۆرگەندە گاڭگىراپ قالىدىغان بولدۇم. ئالىم دېگەن بۇ شەرەپ قايسى ئىلمىي مەقامغا يەتكەندە بېرىلىدۇ؟ كىم ياكى قايسى ئورۇن بېرىدۇ؟ بۇلارنى بىلمەيمەن. ھازىر بىزدە ئالىم ئاتالمىسىنىڭمۇ كۇرسى چۈشۈۋاتىدۇ، ئىلىم جەھەتتە يۈكسەكلىككە يەتكەن مۇتەخەسسىسلىرىمىزنى ئالىم دەپ ئىززەتلىسەك ناھايىتى قۇتلۇق ئىش بولىدۇ، لېكىن بۇ ھۆرمەت ئاتىقىنى ھەممىلا كىشىگە بېرىۋەرسەك، تازا جايىدا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. خەنزۇ تىلىدا ئالىم سۆزىگە 学者 تەڭداش قىلىنىدۇ، بۇ سۆزنىڭ خەت مەنىسىدىن ئۆگەنگۈچى دېگەن مەنا چىقىشى مۇمكىن. قانچە ئۆگەنگەنسېرى بىلىدىغانلىرىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىدىغان، داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەت تەجرىبە - سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان، يېڭى نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بىلىم ساھىبلىرىنى ئالىم دەپ ئاتىسا، مۇشۇ مەقامغا يەتكەنلەرنى ئالىملىق مەقامغا يەتتى، دەپ قارىسا بولارمىكىن دەيمەن. ھالا مۇشۇ كۈنلەردە ئالىملىق چۈشىنى چۈشەيدىغانلار ئاز ئەمەس، ئەمما ئالىملىق مەقامى ئۇنداق ئاسان يېتىدىغان پەللە ئەمەس. يازمىلىرىمىزدا ئالىم ئىبارىسى كۆپ قوللىنىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئالىملىق مەقامغا يەتكەنلەر ساناقلىقتۇ؟ بۇنى ۋاقىت ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈنكى، بىزدىكى ئالىم ئاتالمىسى تونۇشتۇرغۇچىنىڭ باھاسىدىنلا كېلىدۇ، «ئالىم»غا ئۆچمەنلىكى، ئاداۋىتى يوق ھەرقانداق كىشى بۇ باھادىن ئاسانلىقچە گۇمان قىلىپ كەتمەيدۇ، قوبۇل قىلىدۇ، بۇ بەلكىم ئۇيغۇرچە ئۆلچەمدىكى «ئالىم» بولۇشى مۇمكىن. قارىشىمچە، ئالىمنىڭ ئىلمىي ئىش - ئەمگەكلىرى چېتىشما ئىلىملەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھەم ۋاقىت سىنىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئاتالسا بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. ئالىم بولماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس، شۇڭا، بىزمۇ ئىلىم ساھىبلىرىنى ھۆرمەت قىلايلى، قوللايلى، ئىشلىرىغا ھەمدەم بولايلى، ئالىم بولۇشى ئۈچۈن پايانداز بولايلى، ئەمما «ئالىم»لىقنىڭ مەقامىنى تۆۋەنلەتمەيلى».

غالىب بارات ئەرك ھەققىدە ئويلانغاندا، ئۇنىڭ ئو-

مۇمىي خاراكتېرى ۋە ئۇتتۇقلىرى توغرۇلۇق پىكىر قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ كىشىلىك پەزىلەت ھەم ئىلمىي ئۇتتۇقلىرى دەمبەدەم بولغان ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئۇ نەتىجىسىز ياخشىلاردىن ئەمەس، شۇنداقلا يەنە كىشىلىك خۇي-پېئىللىرىنىڭ نابابلىقىدىن ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىر ياندا قالدىغانلاردىنمۇ ئەمەس. ئۇ ئىلىم تەتقىقاتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى پاراسەت ھەم غەيرەت بىلەن يېڭىۋاتقان ئادەم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئەپەندى غالىب بارات ئەرك توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «غالىب بارات ئەرك تەكلىماكاننىڭ قات-قېتىغا يوشۇرۇنغان گۇمانتارلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى ھەققىدە ئىلمىي ئىزدىنىپ، بېرىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھېسسىي چۈشەنچىلەرنىڭ چۈشەكلىرىدىن يۇلقۇنۇپ، ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ تەھقىقلەشلىرىدىن ئۆتكۈزۈلگەن، ئىلىم تارازىسىدا توختىغىدەك، قىممىتىنى ئۇزاق يىللارغىچە ساقلىغۇدەك، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى زور دەرىجىدە قىزىقتۇرغۇدەك، ئىلمىي خادىملارنى ئالاھىدە قايىل قىلغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەمەلىيىتى، بىزگە، زاماندىشىلارغا، كېيىنكىلەرگە، مانا مۇشۇنداق مەركىزىي شەھەرلەردىن، قايناق ئىلىم-پەن مۇھىتىدىن، ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرى، كىتاب-ماتېرىياللىرى تولۇق بولغان كۇتۇپخانىلاردىن، كۆپ قىرلىق ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر بولغان سورۇن-مەيدانلاردىن يىراق يەردىمۇ، پىنھان جايدىمۇ، بېكىك يۇرتتىمۇ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى، نى-نى ئۇتتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى، دېمەسلىككە ئاساسىمىز يوق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، ئىلىم-پەن تەتقىقاتىدا بىرەر مەقسەت-مۇددىئاغا يەتمەكچى بولغان ئادەم تىنىمسىز تىرىشقاندىلا، جاپاغا چىدىغاندىلا، ئامالىنى قىلغاندىلا ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئەنە شۇنداق ئاۋات يۇرتلاردىن، چوڭ، مەركىزىي شەھەرلەردىن يىراق، مەدەنىي ئاتموسفېرا شالاڭ بولغان يەردىمۇ يازما ماتېرىيالنىڭ كەملىكىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىلمىي تەھقىقلەش مۇمكىنلىكىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، بىرەر كۆز قاراش، بىرەر ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ دەماللىققا ئىلمىي ئاساسىنى تۇرغۇزغىلى بولىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈپ قويدى».

ئىزچىل ئىزدىنىش، نىشاندىن تايماسلىق غالىب بارات ئەركىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى. مەلۇم ئىلمىي ساھەدە 20 يىللاپ، 30 يىللاپ ئىزدىنىش ۋە ئەمگەك قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئىلىم ساھەسىدە بەزى ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ چاقماقتەك چاقناپ پاللىدە يورۇپ ئۆتكەنلىكىنى، ئەمما ئۇزاققا قالمايلا ئىز-تىنسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا بىر پەللىدە توختاپ قالغان، بىرلا دائىرىنى چۆرگىلەپ قالغانلارنى ھەم كۆرۈش مۇمكىن. غالىب بارات ئەركىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرىقى تەتقىقاتىنىڭ تېما دائىرىسى، تەتقىقات نىشانى، تەتقىقات يۆنىلىشى، ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىلمىي قىممىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئومۇمەن ئىلگىرىلەش سۇتتۇقىدا كېتىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلالايمىز.

نەتىجە شېرىن بولىدۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلەر، جاپالىق ئەمگەك ۋە مىننەتسىز تەر تۆكۈشلەر نەتىجە ساھىبىنىڭ ئۆچمەس قەدەم ئىزلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. غالىب بارات ئەركىنىڭ نەتىجىلىرى ئاز نەتىجە ئەمەس، يەنە كېلىپ سۈپەتلىك، ئەلگەكتىن ئۆتكەن، ئىلىم سورۇنلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك داستىخانلىرىغا قويۇشقا ئەرزىيدىغان نەتىجىلەر دېيىشكە بولىدۇ. غالىب بارات ئەرك «بوستان» (بۈگۈنكى «كروران») ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدە ئوينىغان رولى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندىن ھازىرغىچە كرورانشۇناسلىق، لوپنۇرشۇناسلىق، يەر ناملىرى تەتقىقاتى، ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيىتى، تارىخىي شەخسلەر ۋە زاماندىشلىرىمىز ھەققىدە بولۇپ ھازىرغىچە 250 پارچىگە يېقىن ماقالە ئېلان قىلدى. 250 پارچە ماقالە ئاز سان ئەمەس. بۇنداق زور ئەمگەك كىشىدىن ئالاھىدە تىرىشچانلىق، زېھنىي كۈچ، تېخىمۇ مۇھىمى تەمەسىز ئەقىدە ۋە ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى كېيىن نەشىردىن چىققان «كروراننىڭ سىرى»، «چەرچەننىڭ تارىخ-مەدەنىيىتى»، «كروران تارىخ-مەدەنىيىتى»، «مەھمۇد كاشغەرىي ئىزىدىن» كەبى ئىلمىي كىتابلارنىڭ، نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «قەدىمىي يۇرت — قەدىمىي مەدەنىيەت»، «باينغولىننىڭ يەر ناملىرى»... قاتارلىقلارنىڭ ئاپتورى بولۇپلا قالماي، يەنە چارقىلىق سىياسىي كېڭەشىدىكى ياخشى نە-

يەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىزچىل قوللىشى ۋە جانپىدالىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە يەتتە توپلام، خەنزۇچە ئۈچ توپلام كىتابقىمۇ غالىب بارات ئەركىنىڭ نۇرغۇن ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن. يەنە ئۇنىڭ يېزىپ تاماملىغان، ئەمما مەتبۇئات يۈزى كۆرمىگەن ماقالە - ئەسەرلىرى تالاي. غالىب بارات ئەركىنىڭ يۇقىرىدىكى نەتىجىلىرى ئۆزىمىزنى ئىلىم ساھەسىنىڭ ئادىمى دەپ قارايدىغانلارغا ۋەزنى ئېغىر ھەم بىزنى جاۋاب بېرىشكە قىستايدىغان سوئالغا ئايلىنىدۇ. بىز نېمىشقا تىرىشمايمىز؟ غالىب بارات ئەركىنىڭ نەتىجىلىرى بىزگە ۋاقتىم يوق، دېگەن گەپنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

غالىب بارات ئەرك ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان ساھىبى ئىلىملىرىمىزنىڭ بىرى. ئۆگىنىش غالىب بارات ئەركىنىڭ ئىلمىي ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك پەزىلەتلەرنىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن. تېلېگراف شىركىتىدەك كەسپچانلىقى كۈچلۈك كارخانىنىڭ مۇھىم تارمىقىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئادەمنىڭ شۇ قەدەر كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرۈشى، ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۇنى ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ دەلىللىنىشىگە خىزمەت قىلدۇرۇشى ۋە تەتقىقات ساھەسىدە ھەيران قالارلىق ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشى ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. بارغانسېرى كىتابتىن، كىتاب ئوقۇشتىن، ئىلمىي مۇلاھىزىلەردىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا نىسبەتەن غالىب بارات ئەركىنىڭ ئىزدىنىش روھى ناھايىتى قىممەتلىك. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ھەر بىر زىيالىي ئۈچۈن جانەدەك مۇھىم، بۇ جەھەتتە غالىب بارات ئەركىنىڭ ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىگۈدەك تىرىشچانلىقلىرى بار، ئۇ ئۆز تەرجىمىھالىدا مۇنداق يازىدۇ: «مەن 1989 - يىلى شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىنمۇ سەھەر تۇرۇش ئادىتىنى ساقلاپ كەلدىم، مەكتەپتە ئوقۇغاندا سەھەر تۇرۇپ چېنىقىشقا مەجبۇرىي چىققان بولسام، خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان سەھەر تۇرۇپ كىتاب - ماتېرىيال كۆرىدىغان، ئەسەر يازىدىغان بولدۇم. مەيلى ھېيت - بايرام، ئارام كۈنلىرى بولسۇن، قىش ياكى ياز دېمەستىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت بەشتىن بۇرۇن پائالىيىتىمنى باشلاپ كېتىمەن، كەچلىكلىرى ئىشتىن چۈشۈپمۇ ئىككى - ئۈچ سائەت كىتاب ماتېرىيال كۆرىمەن. بۇ خىل ئادەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، ئاغرىپ قالغان كۈنلىرىملا بۇ خىل ئۆگىنىش ئادىتىم تەسىرگە ئۇچرايدۇ».

غالىب بارات ئەركىنىڭ يۇقىرىدىكى بايانى ۋە بىز بىلىدىغان تىرىشچانلىقى ۋە بۇ تىرىشچانلىقنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىشى ئۇنىڭ ھەقىقىي زىيالىيلارغا خاس روھقا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولىدۇ.

غالىب بارات ئەرك جاھاننىڭ ئەھمىيەتسىز شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن خالىي ياشىغان ئادەم. ئۇنىڭ مال - دۇنياغا، ھوقۇق مەرتىۋىگە، قۇرۇق شان - شەرەپكە ئىنتىلگەنلىكىنى، تەمە قىلغانلىقىنى ياكى قانداقتۇر خۇپىيانە يوللار بىلەن نام - ئاتاق قوغلاشقانلىقىنى كۆرمىدۇق ھەم ئاڭلىمىدۇق، غالىب بارات ئەركىنىڭ بىز بىلگەن پاكىزە ھەم مۇستەھكەم پەزىلىتى بۇ خىل ئىللەتلەرگە يول قويمايدىغانلىقىغا ھەم ئىشىنىمىز، غالىب بارات ئەرك مۇشۇنداق پاكىزە مەنىۋىيىتى بىلەنمۇ بەختلىك. غالىب بارات ئەركىنىڭ مەنىۋى كامىللىقى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن ئىزچىل ئىلمىي ئىزدىنىش ھەمكارلىقىدا بولۇپ كېلىۋاتقان پروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئەپەندى ئۇ توغرۇلۇق يازغان ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ نەۋقىران يىگىتنىڭ قىزىقىشى، ھەۋەسى بىۋاسىتە مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان، مال - دۇنيانى قوغلىشىدىغان قىزىقىش ياكى ھەۋەس ئەمەسلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇرۇق ھاۋايى - ھەۋەسكە، چاكىنا ئابرۇي - مەرتىۋىگە، نەتىجىسىز ئېرىشىدىغان مەنىسىز ئىلمىي ئۇنۋانغا، بىھۇدە ئورۇن - مەنسەپكە بېرىلمەستىن، بەلكى، چىدام - غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ، ئىنچىكە تەھسىلەيەت ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ رويابقا چىقارغان، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ، ئۆتكۈر كۆزلۈك ئىلمىي خادىملارنىڭ دىققىتىگە، كۆرۈشىگە، پايدىلىنىشىغا سۇنغان ئىلمىيلىكى يۇقىرى، پايدىلىنىشچانلىقى كۈچلۈك، ساقلىنىشچانلىق ئاساسى پۇختا بولغان بىر قاتار نادىر ئىلمىي ماقالىلىرىدا، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە، مول ماتېرىياللىق قىممىتىنى ھازىرلىغان توم - توم كىتابلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقىنى دۇرۇس مەيداندا تۇرۇپ تونىغىنىمىزدا، ئەقلىي ھېسسىياتىمىز بىلەن بىلگىنىمىزدە، ئادىل كۆزىمىز بىلەن ئېنىق كۆرگىنىمىزدە ئەلۋەتتە چىن مەندىكى مەمنۇنلۇقىمىزنى، يۈرىكىمىزدىن چىقىرىپ ئېيتقان قايىللىقىمىزنى، سەممىي تەشەككۈرىمىزنى ئېيتمىساق، ئاشكارا بايان قىلمىساق ۋىجدان ئازابىغا دۇچار بولىمىز،

قەلبىمىزدە پىكرىمىز بۇرۇقتۇم بولۇپ قالىدۇ، زامانداشلارنىڭ ھەم كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىدا خىجىللىق بويۇنتۇرۇقىغا كىرىپ قالغان بولىمىز».

تارىخ تەتقىقاتى ئۆتكەن ھاياتنىڭ پاكىت ھەم ئىلمىي پەرەزلەرگە ئاساسەن، ئەڭ زور دەرىجىدە ھەقىقەتكە يېقىنلاشقان تەسۋىرى. تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقەتكە مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە تارىخچىلىق ئىدىيەسى ناھايىتى مۇھىم. تارىخشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى ھەققىدىكى سوئالغا غالىب بارات ئەرك مۇنداق جاۋاب بەردى: «تارىخچىلىقنى تارىخشۇناسلىق دەپ چۈشەنسەم يۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرغان بولىمەن. تارىخشۇناسلىقنى كۆپىنچە ھاللاردا تەبىئىي پەنلەرگە ئوخشىتىمەن، سەۋەبى ئۇنىڭ ھەر بىر پەش، چېكىتلىرىگىچە پاكىت ئاساسى بىلەن قويۇلۇشى كېرەك. ناۋادا پاكىت ئاساسىي بولمىغان ياكى ھېسسىي نۇقتىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈملەر بولسا، شەكسىزكى ئەينى تارىختىن يىراقلاپ، ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. تارىخشۇناسلىقتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى تەتقىقات ئوبيېكتى، تەتقىقات مېتودى، ماتېرىيال مەنبەسى ۋە تەتقىقات ئىدىيەسىدىن ئىبارەت. تەتقىقات ئىدىيەسى قورالدىن ئىبارەت، بۇ قورالنىڭ قانداق ئىشلىتىلىشى تارىخىي مەسىلىلەردىكى يەكۈننىڭ قانداق ئاقىۋەت كەلتۈرۈشىنى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا تارىخ تەتقىقاتىدا ئىدىيەمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىخ تەتقىقاتى كۆپىنچە ھاللاردا سىياسىي بىلەن يېقىن تۇرىدۇ، ھەتتا ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ كۆپىنچە ھاللاردا تەكرار يېزىلىدۇ».

بۇ يەردە مۇنداق بىر نۇقتىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز، يەنى غالىب بارات ئەركنىڭ بىز بىلىدىغان دائىملىق ھەم قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ئادىتىنىڭ بىرى كىتاب سېتىۋېلىش بولۇشى كېرەك. بىزچە كىتاب سېتىۋېلىش زىيالىيلىقنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىپادىلىرىنىڭ بىرى. سېتىۋالغان كىتابلارنى ئەستايىدىل نەزەر ھەم مۇلاھىزە بىلەن ئوقۇش زىيالىيلىقنىڭ زۆرۈر شەرتى. غالىب بارات ئەرك توختىماي كىتاب سېتىۋېلىۋاتقان، سېتىۋالغان كىتابلىرىنى مۇلاھىزىلىك ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن، ئوقۇغان كىتابلاردىن ئالغان بىلىم ھەم چۈشەنچىلىرىنى زۆرۈر ئىلمىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، بىزگە تەقدىم قىلىۋاتقان، خەلقنى بۈگۈن ھەم تارىخنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار قىلىۋاتقان زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى. كىتاب سېتىۋالغان، كىتابنى مۇلاھىزىلىك ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن يېڭى، زۆرۈر ئىلمىي قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىلمىي قاراش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان زىيالىيلار بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. غالىب بارات ئەركنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا دائىر جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ نەچچە 10 مىڭ پارچە كىتابى ساقلانغان. كىتابلار ئۇنىڭ ئىلمىي ھاياتىنىڭ بىر تەركىبى ۋە مۇھىم قورالى سۈپىتىدە قەدىرلىنىدۇ. ئۇ سېتىۋالغان كىتابلارنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى ھېسابلاش مۇمكىنچىلىكى يوق، ئەمما كىتاب سېتىۋېلىش ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتى، ئۇ زۆرۈر قورال كىتابلارنى نەچچە پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، نەدە بولسا ئالاقىشىلىپ سېتىۋېلىپ ساقلايدۇ، بۇ ھال ئۇنىڭ ماتېرىيال مەنبەسىنى مول ھەم كەڭ قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى مول، كۆپ تەرەپلىمە ئۇچۇر بىلەن تولغان. بىز بۇ يەردە ئۇنى بارلىقى بىلەن قوللايدىغان، ئۇنىڭ توختاۋسىز كىتاب سېتىۋېلىپ: «پۇل بۇزۇشلىرى»غا سەممىي ھەم قىزغىن ماسلىشىپ بېرىدىغان روشەنگۈل خانىمغا رەھمەت ئېيتىمىز. بىر شەھەردىكى كىيىم دۇكانلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئۆز ئۆيىنى بىلگەندەك بىلىدىغان، ئەمما كىتابخانىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، يۈرەك پارىلىرىغا بىر پايپاقنىڭ پۇلىغا كېلىدىغان كىتابنى سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە قاپاقلىرى سېلىنىپ، چىرايى بەدبەشىرە بوپ كېتىدىغان «زامانىۋى ئاياللار» ئاۋۇپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە روشەنگۈل خانىمدەك ئېرى ئايىدا 1000 يۈەنلەپ كىتابقا پۇل خەجلىسە خۇشاللىق بىلەن ھەمدەمدە بولىدىغان ئايالغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز.

ھەرقانداق دەۋرنىڭ ئالىمى بولىدۇ، ھەرقانداق دەۋردىكى نوپۇس سانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئالىمنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، بۇ قەدىمدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن، ئەمما بىزنىڭ ئارزۇيىمىز شۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئالىملار كۆپەيگەي، يۇلتۇز كەبى چاقنىغاي ۋە ئىنساننىڭ ئەقلىي ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ پەزلىدىن تاراملاردىن دەريا ھاسىل بولغاندەك، دەريالاردىن دېڭىز ھاسىل بولغاندەك ئۇلغايغاي ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بولۇپ ئۆركەشلىگەي!

2016 - يىلى 6 - ئاي

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيە مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا




## تەنقىدچىلەر دۈشمەن كۈچلەرمۇ؟

ئوخشىمىغان سادالار مۇقەررەر دۈشمەن كۈچلەر بولامدۇ - يوق؟ «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2016 - يىل يىللىق يىغىنىدا: «دۈشمەن كۈچلەر قانچىلىك دائىردە مەۋجۇت؟» دېگەن تېما ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. مۇھاكىمىگە قاتناشقان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بەزىلىرى: «هازىر ھەربىي فورما كىيىپ، قورال كۆتۈرگەن دۈشمەنلەر كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بىراق، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان دۈشمەنلەر يەنىلا ئاز ئەمەس»؛ جاسۇسلۇق، توپىلاڭغا قۇترىتىش، ئاخبارات سېتىۋېلىش ۋە گۇماشتا تەربىيەلەش قاتارلىقلار يەنىلا دۈشمەن كۈچلەر دائىم قوللىنىدىغان ۋاستىلەر دەپ قاراشتى. يەنە بەزىلەر: «بىر كىشىنىڭ ھۆكۈمەتنى ئىككى ئېغىز تەنقىدلەپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنى دۈشمەن كۈچ دەپ قارىۋالساق بولمايدۇ. بىراۋنى جۇڭگونىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى ئاخبارات قىلغانلىقى ئۈچۈنلا دۈشمەن كۈچ دەۋالساق تېخىمۇ بولمايدۇ» دەپ قاراشتى.

**تەرجىمە كۆزنىكى**

ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بىر ئاشكارا مۇھاكىمە يىغىنى جاسۇسلۇق، توپىلاڭغا قۇترىتىش، ئىشپىيونلۇق خاراكتېرىنى ئالغان مەخپىي ئاخبارات ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان جاي ئەمەس. شۇڭا مېنىڭچە، كېيىنكى كۆز قاراش - تەنقىدچىلەرنى «دۈشمەن كۈچلەر»گە ئايلاندۇرۇپ قويۇش - تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. بۇنداق دۈشمەنلىك بىلەن قاراشنىڭ گەرچە ئاساسى بولمىسىمۇ، بىراق چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى، مەيلى شەخس ياكى كوللېكتىپ بولسۇن، باشقىلار تەرىپىدىن تەنقىدكە ئۇچراش - كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ئەمەس. تەنقىدكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئاجىزلىقى باشقىلار تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ كەتكەندەك، كىشىلەر كۆرۈشكە بولمايدىغان ئىشلىرى قەستەن شەرمساز قىلىنغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلار تەرىپىدىن تەستەك يەپ، يۈزى چۈشكەندەك ھېس قىلسا، تەبىئىيكى تەنقىدنىڭ «يامان مۇددىئا»لىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. ھەتتا تەنقىدنى «غەرەزلىك ھۇجۇم قىلىش» ياكى «دۈشمەنلىك قىلىش» دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تەنقىدنىڭ مەقسىتى ۋە مۇددىئاسى

ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى - تەنقىدنىڭ مۇۋاپىق ۋە توغرا بولغان - بولمىغانلىقى. چىنلىقنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن تەنقىد ياخشى تەنقىد بولۇپ، باشقىلارنى قانچە بىئارام قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئويلىنىپ بېقىشقا ۋە قارشى ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بىراق، رېئال پاكىت شۇكى، كىشىلەرنىڭ تەنقىدچىلەرنىڭ ئۇلارغا ھەقىقىي ئادەم ۋە پىكىرلەرنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن شۇنچە زور ئۇرۇنۇش - تىرىشچانلىقلىرىغا قارىتا قايتۇرىدىغان ئەڭ چوڭ دائىملىق ئىنكاسى - بىر بولسا كارى بولماسلىق، يەنە بىرى بولسا دۈشمەنلىك بىلەن قاراش. كارى بولماسلىق - تەنقىدنى قوبۇل قىلمىغانلىق بولۇپ، ئۇلارغا ھەرقانچە سۆزلىسىڭىزمۇ بىكار. دۈشمەنلىك بىلەن قاراش - تەنقىدنى زىيادە ئۆزىگە ئېلىۋالغانلىق بولۇپ، تېرىقتا ئۆچكە قويۇپ، قىلدەك ئىشنى پىلدەك چۈشىنىۋالغانلىق.

ئەھۋال ھەممىگە ئايان بولغانلىقتىن (ۋاقتىنچە كونا گەپتىن بىرنى دەپ تۇراي)، كۆپىنچە ئادەملەر يامان ئىشلارنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، تەنقىدلەپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇلار ناچار ھادىسىلەرگە قارىتا سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىپ، «ئۆزۈم پاك، قۇلىقىم ساق» بولۇۋالىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلار «دۈشمەن كۈچلەر» قاتارىغا كىرىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. كىشىلەر باشقىلار ئاڭلاشنى خالىمايدىغان يامان گەپلەرنى ھەمىشە ئىچىگە يۇتۇۋېتىدۇ. شۇڭا، ھېلىقىدەك باشقىلارنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، ئەتەي گەپ قىلىشقا ئامراق، بولۇپمۇ، كىشىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىدىغان ئاشۇنداق كىشىلەر باشقىلارغا ئاسان يامان كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ قاتتىق نەپرىتىگە ئۇچرىشى ئۇلارنىڭ پەقەت ئاۋام كۆڭلىدە ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، بىراق، ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان گەپلىرىنى دېگەنلىكى ئۈچۈن بولۇپلا قالماستىن بەلكى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئاممىۋى ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، يۈرەكسىزلىكى ۋە ئاجىزلىقىنى ئۇلارنىڭ ئېسىگە سالغانلىقىدا. كىشىلەرنىڭ تەنقىدچىلەرنى ئۆچ كۆرۈشى - تەنقىدچىلەرنىڭ ئۇلار ھەقلىق دەپ قارىغان جىمجىتلىققا قارىتا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىدىندۇر.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ئېۋىئاتار زېرۇباۋېل (Eviatar Zerubavel) «ئۆي ئىچىدىكى پىل» ناملىق كىتابىدا ئىنسانلار سۈكۈتتە تۇرۇۋېرىپ، جىمجىتلىقنىڭ ئورتاق پىلانلىغۇچىسى بولۇپ قالىدى، دەپ كۆرسەتكەن. «قوغداشقا تېگىشلىكى شەخسنىڭ ئابرۇيى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتۈن بىر كوللېكتىپنىڭ ئابرۇيى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جىمجىتلىققا جەڭ ئېلان قىلغۇچىلار دائىم تېگىشلىك قەدىرلىنىشكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ھەمراھلىرى تەرىپىدىن ئاشكارا ھالدا ‹خائىن!› دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ». ئەنە شۇ ھوشيارلىقى زىيادە ئۈستۈن «دۈشمەن كۈچلەر»نىڭ نەزەرىدە «دۈشمەنلەر» ئىچكى دۈشمەن ۋە تاشقى دۈشمەن دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. «دۈشمەن كۈچلەر» پەقەت سىرتتىن كەلگەن تەنقىدنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى قىسىمدىكى تەنقىدچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان تەنقىدنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئىچكى قىسىمدىكى تەنقىدچىلەر تاشقى دۈشمەن كۈچلەرگە ماسلىشىۋاتقان «ساتقىنلار» دەپ قارىلىدۇ. تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى بوھتان چاپلاش، چاۋىسىنى چىتقا يېيىش ۋە قارا سۈركەش؛ ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ قىلىدىغىنى بولسا، ئۆيدىكى سەتچىلىكنى تالاغا يېيىش ۋە مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش.

ياپونىيەنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك ھېكايىسى بار: ئۈچ مايمۇننىڭ بىرىنىڭ كۆزى، بىرىنىڭ قۇلىقى، يەنە بىرىنىڭ ئاغزى ئېتىۋېتىلسە، ئۇلار كۆرمەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ، زۇۋانمۇ سۈرمەيدۇ؛ گەرچە ئاغزى ئېتىلگەن مايمۇننىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكى ئۇنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبى بولسىمۇ، بىراق ئەڭ ئاخىرىدا چوقۇم ئۇ كۆزى ۋە قۇلىقى ئېتىلگەن مايمۇنلار بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىدۇ. چۈنكى، سۈكۈتتە تۇرۇپ بىرلىشىۋېلىش ھېيلىسى پەقەت «گەپ قىلمايدىغانلار»نىڭلا تىل بىرىكتۈرۈشى بولماستىن، بەلكى « كۆرمەيدىغانلار» ۋە «ئاڭلىمايدىغانلار»نىڭمۇ تەڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن ئورتاق ھەمكارلىق.

ھەرقانداق بىر سۈكۈتتە تۇرۇپ بىرلىشىۋېلىش ھېيلىسى ھامان مەلۇم بىر يوشۇرۇن ياڭراق سادالار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىشى مۇمكىن. ئامېرىكىدا بىر ئادەم «نىكسون ۋاتېرگېيت ۋەقەسى»نى بىر خىل ھەجۋىي رەسىم شەكلىدە سىزىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئۈچ مايمۇنغا يەنە بىر مايمۇننى قوشقان. رەسىمدە بۇ 4 - مايمۇن قولىغا تېلېفوننى ئېلىپ، ئامېرىكىنىڭ مۇھىم ئاخباراتلىرىنى تەكشۈرگۈچى مۇخبىرى، مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىسى جېك ئاندېرسون بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ھالىتى قىستۇرۇل-

غان. زىرۇباۋىل: «بۇ ھەجۋىي رەسىم مۇشۇنداق سۆكۈتتە تۇرۇپ بىرلىشىپلا ھېلىسىنى يوشۇرۇن بىتچىت قىلالايدىغان ئىجتىمائىي كۈچنى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپ، بىزگە مەلۇم شەيئىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا يۈزلىنىشتىن باش تارتىش ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئاشكارىلاشقا بولغان كۈچلۈك ئىستەكلەر تەرىپىدىن يوققا چىقىرىلغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى» دېگەن.

جەمجىتلىقنى ساقلاشقا ئوخشاش جەمجىتلىقنى بۇزۇشمۇ كۆپچىلىكنىڭ ھەمكارلىقىغا موھتاج. جەمئۇرلارنىڭ بىرلىشىپلا سۆكۈتتە تۇرۇش ھېلىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەمكارلاشقۇچىلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ يوقىلىشنى ساقلاش ھاجەتسىز. پەقەت سۆكۈتتە تۇرۇشنى خالىمايدىغانلارنىڭ سانى يېتەرلىك بولسىلا كۇپايە. تەنقىدچىلەرنىڭ دۈشمەن كۈچلەر ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بىر ياخشى ئىش. نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھېچبولمىغاندا، جەمئۇرلار ئۈچۈن جەمجىتلىقنى ساقلاش پۇرسىتى ئەمەس، بەلكى بىر چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان «ئويلىنىش جەمجىتلىقى» ئاتا قىلالايدۇ.

شۆكۆي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «سۇمۇرغ گېزىتى» نىڭ 2016 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 4 - سانىغا تاللاپ بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن **ئەھەت داۋۇت** تەرجىمىسى

# جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى سىنايدىغان ئۈچ خىل «ۋىجدانىي» كەسىپ

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا: دوختۇر، ئادۋوكات، ئوقۇتقۇچى «كېسەلگە سەۋەب قىلىپ ئادەم قۇتقۇزۇش»، «ھەققانىي، ئادىللىق»، «روھنىڭ ئىنژېنېرى»غا ۋەكىللىك قىلاتتى. بىراق، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، ھازىر بىر قىسىم دوختۇرلار يۇقىرى مائاش ئالىدىغان «جاھاندار»، ئادۋوكات بولسا كىنىشكىسى بار «ھوقۇق بىلەن پۇلنى چىڭ تۇتىدىغانلار»، ئوقۇتقۇچىلار بولسا «باغۋەن» تونىنى كىيىۋالغان مەنپەئەت قوغلىشىدىغان سودىگەرگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل كۆز قاراش بىلەن ئۈچ خىل كەسىپنىڭ ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك يۈكسەك ئىجتىمائىي ئەخلاق ئورنىدا زور پەرق شەكىللەندى.

ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، ھەممە كەسىپتە بەزى داشقاللار ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى دەپسەندە قىلىدۇ. لېكىن بۇنى سەۋەب قىلىۋېلىپ زوراۋانلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ھاياتىغا زىيان يەتكۈزۈشكە ياكى ھاياتىنى تارتىۋېلىشقا بولمايدۇ، نۇرغۇن زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرگە زوراۋانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشى سەۋەب بولىدۇ، بۇ خىل ئۈمىدسىزلىك ئۈمىدنىڭ يوقالغانلىق سەۋەبىدىن ئاچچىقنى چىقىرىش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىراق، بۇ خىل ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى «پەردە ئارقىسىدىكى» سەۋەب ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن يوقالغان ۋاقىتتا، پاسسىپ ئىجرا قىلغۇچى زوراۋانلىق قىلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. مۇشۇنداق يامان خاراكتېرلىك دەۋرىيلىكنىڭ زىيانكەشلىك قىلىدىغىنى شەخس ئەمەس، بەلكى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى.

مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتە، دوختۇر ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساغلاملىقنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئادۋوكات بولسا پۇقرالارنىڭ ئىنسانىي ئىززەت ھۆرمىتى ۋە ھوقۇق-مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن سۆزلىگۈچى، ئوقۇتقۇچى بولسا مەدەنىيەتنى تارقىتىپ داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغان يول باشلىغۇچى، بۇ ئۈچ كەسىپ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى (جىسمى)، ئوبيېكتى (ھوقۇق-مەنپەئەتى)، روھىيىتى (مەدەنىيىتى)نىڭ مۇستەھكەم ھۇل تېشىنى شەكىللەندۈرگەن. تۇغۇلغاندىلا باراۋەر تۇغۇلغان، بىراق تەبىئەت ياكى جەمئىيەت سەۋەبىدىن جىسمى زەخمەتكە ئۇچرىغاندا داۋالاش تۈزۈلمىسى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ؛ جەمئىيەتلىشىش داۋامىدا شەخسنىڭ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چوقۇم مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە تۈزۈملەر ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قانۇنغا ئېھتىياجلىق شەخسلەر ئادۋوكاتلارنى ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنىڭ قوغدىغۇچىسى قىلىشقا موھتاج: ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغىنى بولسا تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش مەس-

مۇلىيتى، بىلمىسىزلىك كوللىكتىپ روھنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ بۇ ئۈچ خىل كەسپكە تۇتقان پوزىتسىيەسى بۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. «زىيانداش دوختۇر»نىڭ بولۇشى نورمال ھېسابلىنىدىغان جەمئىيەت ئۆزىنىڭ «جىسمى» زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئاسراشقا بولغان ئۈمىدىنى يوقاتقان بولىدۇ: ئادۋوكاتلارنى «ئارتۇقچە» دەپ قارايدىغان جەمئىيەتتە ھوقۇقنىڭ «قەپىزى» چوڭ ئېچىلىپ قالغان بولىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىنى سودىگەر دەپ قارىغان جەمئىيەتتە، مەدەنىيەتلىك ئادەم ئەمەس، بەلكى «مەدەنىيەتلىك لۈكچەك» تەربىيەلىنىپ چىقىدۇ.

تۈزۈم ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئەگەر رىئايە قىلىنمىسا ھوقۇق، ئىمتىياز، شەخسىي مەنپەئەتنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، زىيان تارتىدىغانى شۇلارلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ھۇل تېشىغا دەز كېتىدۇ. دوختۇرلۇق پەقەت بىر كەسىپ خالاس، پروتوكول داۋالاش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشتەك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالالمايدۇ. پەقەت قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئادەم داۋالاش ئارقىلىق زوراۋانلىق قىلغۇچىنىڭ ئاھانەتلىرىگە جاۋاب بېرەلەيدۇ. بىراق، زور كۆپ قىسىم دوختۇرلار ياشاش ئۈچۈن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاقان ئاددىي ئادەملەردۇر؛ ئادۋوكات، ئوقۇتقۇچىنى ئۇنداق ئەمەس دېيەلەمدۇق؟ جەمئىيەتتە بىر تەرەپتىن دوختۇرلارنى «رەھىم شەپقەتسىز»، ئادۋوكاتلارنى «گاچا»، ئوقۇتقۇچىلارنى «ئەخلاقى ناچار» دېيىشىۋاتقان ۋاقىتتا بىز پەقەت ئۇلارغا ئاۋامنىڭ تەلەپلىرىنى مەجبۇرلاپ تاڭغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەگەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلسە ھەر بىر يەككە گەۋدە بۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ بولالمايدۇ. پەسكەشلەرچە ئەگىشىش، نادانلارچە تاپتىن چىقىش، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىڭ كارتىنىسىدۇر.

پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا خەققە، يامان نەيەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇ خىل قورساق كۆپۈكلىرىنى بىگۇناھلارغا ئارتىپ قويۇشلىرىغا ھېسداشلىق قىلساقمۇ، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز؛ نادانلارنىڭ ئاچچىق تاپا تەنىلىرىگە «مەدەنىيەت»، «ۋىجدان» دېگەن سۆزلەرنى قېتىۋالسىمۇ، ئۇلارنىڭ گەرچە يامان نىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن يامانغا ئەگەشكەنلەرنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

دا خېرىن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» 2013-يىل 4-ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **ئەلجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى

## كىشىلىك ھاياتنىڭ يۈكسەكلىكى

بىر كۈنى، بىر پەيلاسوپ شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە شاگىرتلىرىدىن سوراپتۇ: «بىر خىل نەرسە باركى، يۈرۈشى نۇردىن تېز، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سامان يولى سىستېمىسىدىن ئۆتۈپ، يىراقلارغا بارالايدۇ... ئۇنداقتا بۇ نېمە؟» تالىپلىرى بەس-بەستە: «خىيال قىلىشتۇر!» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

پەيلاسوپ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «ئۇنداقتا، يەنە بىر نەرسە باركى، تاشپاقىدىنمۇ ئاستا ماڭىدۇ، باھاردا گۈللەر ئېچىلغاندا ئۇ تېخىچە قىشتا توختاپ قالغان بولىدۇ، قېرىپ چاچقا ئاق كىرگەندە بولسا ئۇ تېخىچە بالا پېتىچە تۇرۇۋېرىدۇ، ئۇ نېمە؟» دەپ سوراپتۇ.

شاگىرتلار جاۋاب بېرەلمەپتۇ.

«يەنە بار، ئالغا باسمايدۇ ھەم كەينىگە يانمايدۇ، تۇغۇلمايدۇ، ئۆلمەيدۇ. ھەمىشە بىر نۇقتىدا لەيلەپلا تۇرىدۇ. بۇنىڭ نېمىلىكىنى كىم دەپ بېرەلەيدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

شاگىرتلار بىر-بىرىگە قارىشىپتۇ.

«جاۋابى شۇكى، ئۇ بولسا تەپەككۇر قىلىشتۇر! ئۇلار تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئۈچ خىل شەكلىدۇر، باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇنى ئۈچ خىل كىشىلىك ھاياتقا ئوخشايدۇ» دەپتۇ پەيلاسوپ.

پەيلاسوپ دىققەت بىلەن تىڭشىغان شاگىرتلىرىنى كۆرۈپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ: «بىرىنچى خىلى، ئاكتىپ كۆرەش قىلىدىغان كىشىلىك ھايات: بىر ئادەم توختىماستىن ئالغا قاراپ ئۈزۈۋەرسە، ئەتىگە نىسبەتەن تولۇپ-تاشقان ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قارىسا، بۇ خىل ئادەمنىڭ قەلبى زامانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ گويا ئېتىلغان ئوقياكى، ھامان بىر كۈنى نۇردىنمۇ تېز

مېڭىپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكىسى بولسا، ھۆرۈنلارنىڭ ھاياتى بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ باشقىلارنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ، باشقىلار تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرنى تېرىدۇ، بۇنداق ئادەملەر چوقۇم ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ.

ئۈچىنچى خىلدىكىسى بولسا، ئەھمىيەتسىز ئۆتكەن ھايات: ئەگەر بىراۋ تىرىشمىسا، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرد-ۋالسا، ئۇنىڭ ھاياتىنى قار - مۇز قاپلايدۇ. ھېچقانداق پۇرسەت ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدۇ. خۇشاللىقنىمۇ، ئازابنى-مۇ ھېس قىلالمايدۇ. بۇ بىر ھاياتى ھەسرەت - نادامەتكە مەھكۇم بولغان كىشى بولۇپ، مېدۇزا (دېڭىز ئاستىدىكى بىر خىل جانلىق — تەرجىماندىن)نىڭ قاسرىقىدەك دې-ڭىزدا لەيلەپ يۈرىدۇ، رېئال دۇنيادا زاھىر بولالمايدۇ، چۈشلەردىمۇ ئايان بولالمايدۇ...».

شاگىرتلار ئاخىرى ھاياتقا قانداق پوزىتسىيە تۇتسا شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

جۇ مىڭجۈن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» 2013 - يىل 4 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **ئەلچان تۇرسۇن** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن

## يېڭىچە قويمىچىلىق

ئەر باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىردى. باشلىق ئايال كىشى ئىدى. ئۇ كىرگەن ئەرگە دېدى:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— سىزنى، — ئەر ئۇدۇللا جاۋاب بەردى.

— سىز...؟ — دېدى باشلىق سوئال نەزەرىدە.

— مېنى تونۇمىدىڭىزما؟

— راستىنلا تونۇيالمىدىم.

— ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، بىرلا يۈز ئۆرۈپ تونۇماس بولۇۋالدىڭىز.

— سىز زادى كىم؟ — باشلىقنىڭ ئەمدى سەل ئاچچىقى كەلگەندى.

— مېنىڭ كىملىكىم كۆڭلىڭىزگە ئايان. ئەجەبا، مەن سىزگە دەپ بېرىشىم كېرەكمىدى؟... ئۇنداق دەپ تۇ-رىۋالسىڭىز، سىزگە ئېيتىپ بېرەي: مەن سىزنىڭ سىرداش دوستىڭىز ياكى ئاشنىڭىز.

— ئاغزىڭىزغا كەلگەننى جۆيلىمە! — باشلىق ئاچ-چىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى.

— ماقۇل، مەن ئاغزىمغا كەلگەننى جۆيلىگەن بولاي. بىراق، مەن بۇ گەپنى باشقىلارغا دېسەم، ئۇلار چوقۇم مېنى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىدى دەپ قارىماي-دۇ.

— مۇتتەھەم! — دېدى ئايال باشلىق.

ئەر ھەقىقەتەن بىر مۇتتەھەم ئىدى. بىراق، بۇ مۇتتە-ھەم ھېلقىدەك چىرايى بەتبەشىرە، كىيىم - كېچەكلىرى ئارۋاڭ - سارۋاڭ كوچا لۈكچەكلىرىگە پەقەتلا ئوخشى-مايتتى، بەلكى تەقى - تۇرقى خېلى قاملاشقان بولۇپ، ئۇستىبېشىغا پۇزۇر كىيىنىۋالغانىدى.

— قاراپ بېقىڭ، مەن مۇتتەھەمگە ئوخشامدىكەنمەن ياكى سىزنىڭ يېقىنىڭىز ياكى ئاشنىڭىزغا ئوخشامدىكەن-مەن؟ — دېدى ئەر باشلىق ئۇنى «مۇتتەھەم» دەپ تىل-لىغاندىن كېيىن.

— نومۇسسىز! — دېدى باشلىق.

— دېگىنىڭىز توغرا، مەنمۇ ئۆزۈمنى نومۇسسىز-دەك ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئەر بىزىرىپ.

باشلىق تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

— ئەڭ ياخشىسى ئادەم چاقىرماڭ، — دېدى ئەر باشلىقنىڭ ئادەم چاقىرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — ئادەم چاقىرىپ كەلسىڭىزمۇ مەن ئۇلارغا: «مەن ئۇنىڭ ئاشنىسى ئىدىم، چوڭ باشلىق بولۇۋېلىپلا مېنى تاشلى-ۋەتتى» دەۋېرىمەن.

— ئۇلار ساڭا ئىشىنەرما؟ — دېدى باشلىق.

— ئۇلارنىڭ ماڭا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى سىز قانداق بىلىسىز؟ — دېدى ئەر.

— ئۇلار چوقۇم ئىشەنمەيدۇ.

— ئۆزىڭىزگە بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ. ھازىرقى بىر قىسىم ئايال رەھبەرلەر ئارىسىدا ھەق - ناھەقچىلىك بەك كۆپ. بولۇپمۇ سىزدەك چىرايلىق ئايال رەھبەرلەر ئە-چىدە ھەق - ناھەقچىلىك تېخىمۇ كۆپ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ باشلىق بولغانلىقىڭىزنى: «چوقۇم يۇ-قىرىدا ئادىمى بار، يۇقىرىدا ئادىمى بولمىسا، باشلىق

بولالمايتتى» دەپ قارىشىدۇ.

— يۇقىرىدا ئادىمىم بولسا نېمە بوپتۇ؟

— «يۇقىرىدا ئادىمى بار» دېگەننىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ گەپنىڭ چىرايلىقراقىنى ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى ئۇ ئادەم سىزنىڭ سىرداش دوستىڭىز ياكى ئاشنىڭىز، دېگەن گەپ؛ سەترەك ئېيتقاندا، ئۇ سىزگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۈستۈردى دېگەن گەپ.

— تېتىقسىز! — دېدى باشلىق زەردە بىلەن.

— مېنىڭ گېپىمنى تېتىقسىز دەپ قارىغان بولسىڭىز، ئەمسە ھازىرلا تېلېفون ئۇرۇپ، ئادەم چاقىرتىۋېرىڭ. شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، نەچچە سائەت ئۆتمەيلا بىر ئەر كىشىنىڭ سىزنى ئىزدەپ كېلىپ، غوۋغا كۆتۈرگەنلىكىنى، ئۇ كىشىنىڭ دەل سىزنىڭ ئىلگىرىكى ئاشنىڭىز ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتىدۇ.

باشلىق ئەرنىڭ گېپىنىڭ داۋلىسى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، تېلېفون ئۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ — دېدى باشلىق ئاخىر ئاچچىقى بىلەن.

— ئەمەلىيەتتە مەنمۇ باشقا ئىش قىلماقچى ئەمەس، ئاڭلىسام سىزدە پۇل جىقمىش، شۇڭا مەنمۇ ئازراق ئىشلىتىپ تۇرايمىكىن دەيمەن.

— مەن يا سىپنى تونۇمىسام، نېمە دەپ بىكاردىن - بىكارغا ساڭا پۇل بەرگۈدەكمەن؟

— كىم سىزنى مېنى تونۇمايدۇ دەيدۇ، مەن دېگەن سىزنىڭ ئاشنىڭىز تۇرسام.

— ئەجەب ئەقلىم يەتمەيدۇ دېسە! — دېدى باشلىق چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ.

— جاھاندا ئەقىل يەتمەيدىغان ئىشلار تولا، ئەمدى ئارتۇق گەپ قىلغۇم يوق. مەن سىزگە بىر بانكا كارتا نومۇرى بېرىمەن، سىز ماڭا پۇل ئۇرۇپ بېرىسىز، 20 مىڭنى ئۇرۇۋەتسىڭىزلا بولدى. بۇنچىلىك پۇل سىز ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەسقۇ؟ — ئەر سۆزىنى تۈگىتىپلا چىقىپ كەتتى.

نەتىجە تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ياخشى بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان گەپ. ئەر ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يېرىم سائەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭ يانفونىغا ئۇچۇر كەلدى. شۇ ھامان ئەرنىڭ تەقەززالىققا تولغان كۆزلىرى يانفون ئېكرانىدىكى مۇنۇ ئۇچۇرنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردى: «سىزنىڭ ئاخىرقى نومۇرى 3838 بولغان بانكا كارتىڭىزغا 20XX - يىلى X - ئاينىڭ X - كۈنى سائەت 33 :10 دە 20 مىڭ يۈەن ئاغدۇرۇلدى. قالدۇق سوممىڭىز...»

ئەر كۈلۈپ قويۇپ، يەنە بىر ئىدارىگە قاراپ يول ئالدى.

ليۇ گوفاڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر ئەسلىي «تىياتىر دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2015 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، خۇبېيدىن لى يۇنگوينىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن «مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2015 - يىللىق 10 - سانىدىن **ئەھەت داۋۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: كۇچا ناھىيەلىك «قوش تىل» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزىدىن

# ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ «تىل ماھارىتى»

مەن بۇ ئىدارىغا يېڭىدىن ئىشقا چۈشكەندە، ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ياخشى رەھبەر ئىكەنلىكىنى، دائىم شەھەرنىڭ پاكلىق خىزمىتى يىغىنلىرىدا تەجرىبە تونۇشتۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمىتىم قوزغالغانىدى.

يېرىم يىلدىن كېيىن بەختىمگە يارىشا ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ كاتىپى بولدۇم. كىم بىلسۇن، ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تۆتىنچى كۈنىلا ئىشنى بۇزۇپ قويغىلى تاسلا قالدىم.

ئۇ كۈنى ئىدارىمىز يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرگىلى كەلگەن رەھبەرلەرنى كۈتۈۋالماقچى بولۇپ، ۋاڭ ئىدارە باشلىقى ئىشلارنى مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇمنى بۇيرۇدى. ئۇ ماڭا:

— بۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىش ناھايىتى مۇھىم، «ماۋتەي» ھارىقى ئىشلەتمەڭلار، — دېدى.

كۈتۈۋېلىش باشلىنىشتىن خېلىلا بۇرۇن تاماقخانىغا باردىم. بىر دەمدىن كېيىن باشلىقىم جاڭ مۇدىرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئادەتتىكى ئاق ھاراق تەييارلىغىنىمنى كۆرۈپ:

— «ماۋتەي» ھارىقى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئەجەبلىنىپ:

— ۋاڭ ئىدارە باشلىقى «ماۋتەي» ھارىقى ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تاپىلىغان ئەمەسمىدى، نەق مەيداندا سىزمۇ بار ئىدىڭىزغۇ؟ — دېدىم. جاڭ مۇدىر بېشىنى چايقىغىنىچە ماڭا قولىنى شىلتىپ:

— ھەي سىنى... ھەي سىنى! — دېدى، ئاندىن جىددىيلەشكەن ھالدا، — بولدى، باشقا گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، دەرھال «ماۋتەي» ھارىقى ئەكەل، ئىشقا تەسىر يەتكۈزمە، — دېدى.

مەن ئاڭگىرىغان پېتى دەرھال بېرىپ «ماۋتەي» ھارىقى ئەكەلدىم.

جاڭ مۇدىر دېگەن «باشقا گەپ»نىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئۇنى ساماۋار شورپىسى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدىم. يېرىم بوتۇلكا ھاراق ئىچىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن جاڭ مۇدىر راست گەپنى دەۋەتتى.

— باشلىق ئادەتتە ئوچۇق دېيىش ئەپسىز بولغان بەزى گەپلەرنى ئەگىتىپ دەيدۇ. ئويلاپ باقە، بۇ قېتىمقى كۆتۈۋېلىش شۇنچە مۇھىم تۇرسا ئەلۋەتتە «ماۋتەي» ھارىقى ئىشلىتىش كېرەك - تە. لېكىن ئۇ مەقسىتىنى ئەگىتىپ ئىپادىلەپ قويىدى، خالاس. مانا بۇ رەھبىرىمىزنىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى. بىز بۇنى تىل سەنئىتى دەيمىز. گەپ سېنىڭ ئۇنى قانداق چۈشىنىشىڭدە. دەپ باقە، ئىقتىدار دېگەن نېمە؟ مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى خىزمەت ئىقتىدارىغۇ.

ھېلىمۇ ياخشى، مېنىڭ سەزگۈلىرىم ئانچە ناچار ئەمەس. كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمايلا باشلىقنىڭ «تىل ماھارىتى»نى ئىگىلەپ، ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ياققۇدەك قىلالايدىغان «ماھىر»غا ئايلاندىم.

ئىدارىمىزغا بىر نەچچە خىزمەتچى تەكلىپ قىلىنىدىغان بولدۇق. ئىدارىمىزغا كىرىپ ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلاردىن ناھايىتى كۆپ ئادەم تىزىمغا ئالدۇرغانىدى، ۋاڭ ئىدارە باشلىقى تىزىملىكنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ماڭا:

— كادىرلار باشقارمىسىغا ئېيتىپ قوي، بۇ قېتىمقى خىزمەتچى تەكلىپ قىلىشتا پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەتتا مەندىن تارتىپ ھېچكىمنىڭ مۇناسىۋەتكە تايىنىپ، ناتوغرا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولمايدۇ، — دېدى. ئۇ يەنە تىزىملىكتىكى بىر ئىسمىنى كۆرسىتىپ، — بەزىلەر ليۇ شۈنلېي دېگەن كىشى باشلىقنىڭ تۇغقىنىكەن دەپ جۆيلۈپ يۈرۈپتۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — دېدى.

مەن باشلىقنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندىم، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقىغا:

— ليۇ شۈنلېينى چوقۇم قوبۇل قىلىڭلار، — دېدىم. كېيىن بىلدىمكى، ليۇ شۈنلېي ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ خوتۇنىنىڭ جىيەنى ئىكەن.

ئىدارىمىزغا خىزمەت بىناسى سالماقچى بولغاندا غوجايىنلار قۇرۇلۇش قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆچرەت بولۇپ كەتتى، ۋاڭ ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىدا بەخىرامان چاي ئىچىپ، تېلېفون ئۇرۇپ، ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى. ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا ۋاڭ ئىدارە باشلىقى:

— ئۇلار قايتىپ كەتسۇن، ھېچقايسىسى بىلەن كۆرۈشكۈم يوق. ئۇلارغا دەپ قوي، ئۆيۈمگە بېرىپمۇ يۈرمىسۇن، بارسىمۇ بىكار، — دېدى. ۋاڭ ئىدارە باشلىقى بۇ گەپلەرنى ناھايىتى كەسكىن دېدى، چىرايىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

ئىشىكتىن چىقىپلا ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى غوجايىنلارغا ئاستا ئېيتىپ بەردىم، ئۇلار خۇشال ھالدا قايتىپ كېتىشتى.

ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنى «پاكلىق قۇرۇلۇشى» بويىچە ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنىدا تەپتىش مەھكىمىسىدىكىلەر تۇتۇپ كەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تەكشۈرۈش مەزگىلىدە ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ پوزىتسىيەسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، مەسىلىنى تەلتۆكۈس تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ دېلو بىجىرگۈچىلەرگە:

— مەن ئالغان ھەر بىر پارىنىڭ خاتىرىسى بار، — دەپتۇ. دېلو بىجىرگۈچىلەر ئۇنى ئاشۇ ماتېرىيالنى ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. دېلو بىجىرگۈچىلەر ماتېرىيالنى كۆرۈپ غەيرىلىك ھېس قىلىپ:

— بۇ ئېنىقلا ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ماتېرىيالىغۇ، — دېيىشىپتۇ. ۋاڭ ئىدارە باشلىقى دوكلات بېرىش ماتېرىيالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىلەر قاراڭلار، مانچىنچى يىلى مانچىنچى ئاينىڭ مانچىنچى كۈنى پالانى شىركەتنىڭ غوجايىنى

پۇستانچىنىڭ 500 مىڭ يۈەن پۇلىنى ئېلىشنى رەت قىلدىم. بۇنىڭ مەنىسى شۇ يىلى شۇ ئاينىڭ شۇ كۈنى شۇ شىركەت شۇ غوجايىندىن 500 مىڭ يۈەن پارا ئالغان دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە يېزىلغان پالانى يىلى چاغاندا 200 نەچچە مىڭ يۈەنلىك سوۋغىنى رەت قىلدىم دېگەنىنىڭ مەنىسى شۇ يىللىق چاغاندا 200 نەچچە مىڭ يۈەنلىك «قىزىل بولاق» قوبۇل قىلدىم دېگەنلىك بولىدۇ، — دەپتۇ.

دېلو بىجىرگۈچىلەر دوكلات بېرىش ماتېرىيالى بويىچە دېلو ئەھۋالىنى ناھايىتى تېز لا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بوپتۇ. يېرىم ئايدىن كېيىن دېلو ئاخىرلىشىپتۇ.

سوتتا ۋاڭ ئىدارە باشلىقى جاۋابكارلىق ئورنىدا تۇرۇپ ناھايىتى ئازابلانغان هالدا ئەڭ ئاخىرقى بايانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— مەن كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، بۇنىڭدىن كېيىن قايتىدىن ئادەم بولىمەن. سوتنىڭ ماڭا ئېغىر جازا بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن.

مەن سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار قاتارىدا ئولتۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدىم. ئۇ سوتتىن ئۆزىگە يېنىكرەك جازا بېرىشنى ئۆتۈنمەكچى ئىدى، تۆت ئەتراپىمغا قارىدىم، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى زادى كىمگە يەتكۈزۈشنى بىلەلمىدىم.

سۇن ماۋۋېي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2014-يىل 8-توپلىمىدىن **تۇرغۇن تالىپ** تەرجىمىسى

## نېمە ئۈچۈن خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دېھقاننىڭ ئوغلى؟

2014-يىلى تاراتقۇلار «ئاتتىن چۈشكەن» 53 ئەمەلدارنىڭ پۇشايمانلىرىنى رەتلەپ ئاشكارىلىغان بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىن 14 نەپەر ئەمەلدار ئۆزلىرىنىڭ پۇشايمىنىدا: «مەن دېھقان ئوغلى ئىدىم» دەپ يازغان.

ئۇلار مەيلى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولسۇن ياكى باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەردە تۇرمۇش كۆچۈرگەن، ئۇلارنىڭ خىزمەتداشلىرى، دوستلار چەمبىرىكىدىكىلەر ۋە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغانلارنىڭ ھەممىسى شەھەرلىكلەر، ئۇلارغا پارا بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئاتىدارچىلىقىغا ئېرىشكەنلەرمۇ شەھەرلىكلەر بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دېھقاننىڭ سايىسى پەقەت يوق. ئۇنداقتا ئۇلار نېمىشقا ئۆزىنىڭ دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئۇلار قايسى چاغدا دېھقاننىڭ ئوغلىدەك ئىش قىلغاندۇ ياكى ئۆزىنى دېھقاننىڭ ئوغلى دەپ ھېسابلىغاندۇ؟

«چىراغنى ياققىنى ئادەم، چىراغنى ئۆچۈرگىنى ئالۋاستى» خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئۇزاقتىن بۇيان ئادەتلەنگەن «موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەنگە ئوخشاش «ئىككى يۈزلىمچى» مىجەزى نىقابلىنىشقا، ئويۇن قويۇشقا ماھىر، يامان غەرەزلىك ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەرگىزمۇ «ئاتتىن چۈشۈش» تۈپەيلى ئۆزگەرمەيدۇ، خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئۆزى «مەن دېھقاننىڭ ئوغلى» بولۇۋالغىنى يالغانچىلىققا ياتمىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق پاكىتنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىشىنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ چىن دىلدىن پۇشايمان قىلغىنى بولماستىن، يەڭگىل ھۆكۈم قىلىنىشقا ئېرىشىش. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «مەن دېھقاننىڭ ئوغلى» دەۋېلىپ، ھەممە دېھقانغا قالپاق كىيگۈزۈش بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتىن بىر خىل ئەخلاقسىزلىق، ئاشۇ ئۆزىنى «دېھقاننىڭ ئوغلى» دەۋالغان خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئىچ ئاغرىتىشقا، ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىمەيلا قالماي، ئەكسىچە تۆكۈرۈپ تاشلىشىمىز لازىم.

ۋۇي ۋەنجۇڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «ماقالىلەردىن تەرمىلەر ھەپتىلىك گېزىتى»دىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى

## تەسىرلىنىش

ئاسمان ئاجايىپ گۈزەل كەچكى شەپەققە پۈركەنگەن بىر كەچقۇرۇنى، بىر پەرىشتە ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز يەر يۈزىدىكى بىر كۆرۈنۈش ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇچۇشتىن توختاتتى، كۆردىكى، بىر كەنتتىكى خاماندا، بىر يىگىت مەڭبىر جاپادا چاقلىق ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، قەدىمىنى يۆتكەي

دەپ تۇرۇشىغا «پالاققىدە» يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن بەدىنىنى تىرىدى، بىر ھازادىن كېيىن دەلدەڭشىگىنىچە ئاران ئۆرە بولدىيۇ يەنە يىقىلىپ چۈشتى. ئەسلىدە ئۇ يىگىتنىڭ پۇتى مېيىپ بولۇپ، مېڭىشنى مەشىق قىلىۋاتقانىدى.

يىگىت يەنە بىر قېتىم ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ پېشانىسىدە مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى، پۇتلىرى توختىماي تىترىمەكتە ئىدى. پەرىشتىنىڭ يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ، يوشۇرۇنچە سېھىر ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ياردەم قىلماقچى بولدى. سېھىر ئىشلىتىلدى، لېكىن يىگىت يەنىلا ئورنىدىن تۇرالمىدى، پەرىشتە ئەجەبلەندى:

— سېھرىم نېمىشقا كار قىلمايدىغاندۇ؟

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، تەڭرى پەرىشتىگە:

— بۇنداق قىلغىنىڭنىڭ پايدىسى يوق، بۇ ئۇنىڭ تەقدىرى، سەن ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئۆزگەرتەلمەيسەن، — دېدى.

— تەقدىرى؟ — سورىدى پەرىشتە چۈشەنمەي.

— شۇنداق، تەقدىرى، — تەڭرى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ مېيىپ بولۇشىنى مەن ئورۇنلاشتۇرغان، شۇنداقلا بۇ دۇنيادىكى بارلىق كەمتۇكلۇكنى مەن ئورۇنلاشتۇرغان.

پەرىشتە تېخىمۇ ھەيران بولدى:

— سىلى بەكمۇ رەھىمدىل، نېمىشقا بەزى جانلىقلارنى كەمتۇك يارىتىپ ئۇلارنى ئازابلايدىلا؟

— كەمتۇكلۇك بولغاندىلا كىشىلەر ئاندىن قەدىرلەشنى ئۆگىنىدۇ. كېسەل بولغاندىلا ئاندىن ساغلاملىقنىڭ، ئايرىلغاندىلا ئاندىن «دىدار غەنىيمەت»نىڭ، مەغلۇپ بولغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىكى خۇشاللىقنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ...

پەرىشتە بۇلارنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتتى، كېيىندىن يەنە بېشىنى چايقىدى:

— ئەپسۇس، بىر ئوبدان يىگىتكەنتۇق!

خاماندىكى يىگىت يەنىلا جاپالىق مەشقىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭ پۇتلىرى ھەم ئىنچىكە، ھەم ئورۇق بولۇپ ماغدۇردىن ئەسەر يوق ئىدى. كىيىملىرى تەردىن ھۆل بولۇپ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن، پېشانە، بىلەكلىرى سۇرۇلۇپ، يېغىر بولغان يېرىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى.

ئۇ مىڭبىر مۇشەققەتتە بىر قەدەم چامدىدىيۇ دۇم يىقىلدى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان، بىر جۈپ قولى يەرنى توختىماي تىلغايتتى... پەرىشتىنىڭ بۇلارنى كۆرۈۋېرىشكە رەۋىتى قالمىدى، ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتى:

— مەن پەرىشتە بولىمەن، ساڭا ئېيتمىسام بولمىدى، مېيىپلىق — تەڭرىم ساڭا ئورۇنلاشتۇرغان قىسمەت. بۇنى ئۆزگەرتىشكە ھەتتا مەنمۇ ئامالسىز، بۇ يەردە ۋاقتىڭ ھەم كۈچۈڭنى ئىسراپ قىلغۇچە ئەڭ ياخشىسى ئۆيۈڭگە قايتىپ ياخشى ئارام ئال.

يىگىت پەرىشتىگە تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى: «ياق، مەن چوقۇم ئورنۇمدىن تۇرالايمەن».

پەرىشتە مېھرىبانلىق بىلەن:

— پەرىشتە يالغان گەپ قىلمايدۇ، گېپىمنى ئاڭلاپ ئۆزۈڭنى بۇنچە قىينىما، — دېدى ۋە يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، كۆزدىن غايىب بولدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى پەرىشتە يەنە بۇ كەنتتىن ئۆتۈپ قالدى، ئۇ ھېلىقى مېيىپ يىگىتنىڭ ئېتىزلىقتا بىجىرىم ھالەتتە مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆردى، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنداق چەبدەس، قەدەملىرى شۇقەدەر تەمكىن بولۇپ، پەرىشتىنىڭ ئۇنىڭ ھېلىقى مېيىپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

«توۋا، تەڭرى مېيىپلىقنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر دېمىگەنمىدى؟ ئۇ قانداقسىگە ساقىيىپ قالغاندۇ؟»

پەرىشتە تەڭرىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. تەڭرى:

— ئۇنىڭ پېشانىسىگە مېيىپلىقنى پۈتكىنىم راست، ئەمما ئۇ بەك قەيسەركەن، ھەركۈنى جاپالىق ھالدا مېڭىشنى مەشىق قىلدى، بۇ جەرياندا تولا يىقىلىپ، يۈز - كۆزلىرى ئىششىدى، بۇرۇنلىرى قانىدى، بەدەنلىرى تىلىندى، تالاي قېتىم لاي - توپىغا مىلەندى... لېكىن زادىلا بەل قويۇۋەتمىدى! ئاخىرى ئۇنىڭ قىيىنلىشىغا چىداپ تۇرالمىدىم ھەم ئىنسانلار ئارىسىدا مېيىپ بولۇشى كېرەك بولسىمۇ، بۇ يىگىت بولماسلىقى كېرەك دېگەننى ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ مېيىپلىك تەقدىرىنى بىكار قىلدىم، — دېدى.

غەربتە بۇ مەسىل كەڭ تارقالغان. شۇنداق، بۇ دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق. قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، سەللا تىرىشساق چوقۇم ئۇنى يېڭەلەيمىز. يېڭەلمىسەك تەقدىرنى تەسىرلەندۈرسەك بولىدىكەنغۇ؟!

جۇ گوييۈڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «چەت ئەل ساغلاملىق تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىلى 6 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **شەمسىنۇر تۇرغۇن زىلتار** تەرجىمىسى

تىلماچ: يەكەن ناھىيەلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن

# جۇڭگولۇقلاردا ئەڭ كەم بولۇۋاتقان بىر خىل دورا

ھازىرقى ئەھۋال «يۇقىرىلارنىڭ ھېچقانداق ئىشقا ئىشەنمەسلىكى، ئالىملارنىڭ ھېچنەرسىنى بىلمەسلىكى، تاراتقۇلارنىڭ ھېچقانداق گەپنى دېمەسلىكى، سىياسىي تەلىم-تەربىيەنىڭ ھېچقانداق رولى بولماسلىقى»دىن ئىبارەت. بۇنداق بولغاندا سىز كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرەلمەيسىز، سىز يېزىۋاتقان نەرسىڭىزگە ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنمىگەن يەردە، باشقىلارنى ئىشەنسۇن دېسىڭىز بىمەنىلىك بولمامدۇ؟ سىز يازغان نەرسىڭىزگە ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئىشەنچىسى بارمۇ؟ ئوغلىڭىز كۆرەمدۇ-يوق؟ يازغان نەرسىڭىزگە ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنمىسىڭىز، ئوغلىڭىزمۇ كۆرمىسە، ھالبۇكى سىز يېزىۋەرسىڭىز، بۇ دېگەن سەممىيەتسىزلىك.

ماقالە يازغاندا سەممىيەتسىزلىك قىلىش ئادەمىيلىكتىكى سەممىيەتسىزلىك بولۇپ، قولىڭىزدىكى قەلەمنىڭ ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىر، شۇڭا يازغىنىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم، راست نەرسىنىڭ ھاياتىي كۈچى ناھايىتى زور بولىدۇ.

ئەگەر تەربىيە كىشىلەر قەلبىگە ياقمىدى، تەربىيەنىڭ ھاياتىي كۈچى يوق دەپ قاقشىساق، «تاغقا كۆم، ئەۋلادلارغا قالدۇر» (ئۆزى قىممەتلىك ھېسابلىغان ئەسەرلىرىنى ئىشەنچلىك يەردە ساقلاپ، كۆڭلىدىكى ئادەمگە قالدۇرۇش تەمسىل قىلىنىدۇ — تەرجىماندىن) دېگەن گەپنى تېخىمۇ دېيەلمەيمىز. بۇ يەردىكى مەسىلە يەنىلا ئۇستقۇرۇلمىدىكى مەسىلە، تەلىم-تەربىيەدىكى مەسىلە، يەنىلا بىز مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلەردە كىچىكىمىزدىن باشلاپلا ماقالە يازغاندا يالغان سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن. مەنمۇ يالغان سۆزلىگەن. ھەممىمىز ئاشۇنداق يالغان تاپشۇرۇق ماقالىلىرىنى يازغان. مەسىلەن: «مەن بىر فۇڭ (سېنت) پۇل تېپىۋېلىپ ساقچى تاغامغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ساقچى تاغام مەندىن ئىسمىمنى سورىۋىدى، مېنىڭ ئىسمىم قىزىل گالستۇك دەپ جاۋاب بەردىم»؛ ھەممىمىز «مەن بىر بوۋاينى يۆلەپ چوڭ يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، مەن قۇياشقا قارىسام، قۇياش ئاجايىپ چاقناپ تۇراتتى»؛ «سىنىپنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، مەن تەرىمنى سۈرتۈپ كۈلدۈم، مەن قىزىل گالستۇكىمنىڭ تېخىمۇ جەزبىدار (چىرايلىق) بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەندەك ماقالىلەرنى يازغان، مەن مۇشۇلار ئىچىدىن ئوتتۇرىغا چىققان.

مەن يالغان گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ھازىر بىزدە ھېچقانداق نەرسە كەمچىل ئەمەس. كەمچىل نەرسە راستچىللىق! 1959 - يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرىدا، ئەنخۇيدا بىرەيلەننىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندا، دوختۇرغا ئاپىرىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر خىل دورا كەم، يەنى ئاشلىق، دەپتۇ. ھازىر بىزدە كەمچىل بولۇۋاتقىنى بىر خىل دورا بولۇپ، ئۇ دورا راستچىللىق! سەممىي (راستچىل) جەمئىيەتتە، راستچىللىق (سەممىيلىك)نى نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ؛ سەممىي (راستچىللىق) بولمىغان جەمئىيەتتىلا، سەممىيلىك (راستچىللىق) ئاجايىپ قىممەتلىك بىلىنىدۇ. راست گەپ قىلىدىغانلار كۆپ ھاللاردا تەنقىدلىگۈچىلەردۇر. تەنقىدلىگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا ۋەتەنپەرۋەرلەردۇر. ئۇلۇغ تەنقىدلىگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلەردۇر.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن «تەيئېرجۇاڭدىكى قانلىق جەڭ» دېگەن بىر فىلىم ئىشلىدۇق. ئۇ فىلىم سۈرەتكە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھېچيەردە قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. چۈنكى، ئۇ فىلىمدە تەسۋىرلىگىنى گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىشلار بولۇپ، ئاخىر شياڭگاڭغا ئاپىرىپ قويۇلدى، ئەمما، ئۇ فىلىمنىڭ شياڭگاڭدا ئۇنداق زىلزىلە پەيدا قىلىشىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. جياڭ جىڭگو ئۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن فىلىمنى تەيۋەنگە ئالدۇرۇپ كېلىپ كۆرگەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جياڭ جىڭگو ئۇ فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئەسلىدە كومپارتىيە يەنىلا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىكەن» دېگەن. دېمەك، ئۇ فىلىم جياڭ جىڭگونىڭ پېشقەدەم ئەسكەرلەرنى چوڭ قۇرۇقلۇققا بېرىپ تۇغقان يوقلاشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى يېڭى بىر سەھىپىنى ئاچقان. يولداشلار، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ كۈچى نېمە دېگەن قۇدرەتلىك-ھە!

ماقالە يازغاندا لۇ شۈندىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. لۇ شۈن خەنزۇ تىلىنىڭ غايەت زور ئىپادىلەش كۈچىنى نامايان قىلغان. بۇ گەپنى جۇ داكې دېگەنىدۇ-دەيمەن. جۇ داكې: «خەنزۇچىدىن ئىبارەت بۇ تىل پادىشاھنىڭ پەرمانىنى يېزىشقا بىر قەدەر ماس كېلىدۇ، مەدھىيە ئوقۇپ خاتىرە مۇنارى تىكلەشكە ياكى ھال سوراش خېتى دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىشقا بىر قەدەر ماس كېلىدۇ» دېگەن. خەنزۇ تىلى لۇ شۈننىڭ قولىدا خەنجەر ۋە نەيزىگە ئايلانغان. لۇشۈننىڭ «ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمھالى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار لۇشۈننى بوھتان چاپلاش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ ئەرز قىلىشتى. چۈنكى، لۇ شۈن يازغان ئا Q كىملەرگىدۇ بەك ئوخشاپ قالغانىدى. قاراڭ، لۇ شۈننىڭ كۈچى نېمىدېگەن ئۇلۇغ-ھە! لۇشۈن «مەن ئويلاپ قويدۇم، بىرەرسىنىمۇ كەچۈرمەيمەن» دېگەن ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزنى قىلغان. ئۇنىڭدا بىر خىل نەپرەت تۇيغۇسى بار-دە! بىراق، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن مۇھەببەت (سۆيگۈ) بار، ئۇ مىللىتىنى سۆيگەچكىلا ئۇنىڭدا نەپرەتمۇ بولغان.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، لۇ شۈننىڭ جۇڭگولۇقلارغا خاس مۇھەببىتى ۋە نەپرىتى بولغاچقىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان، ئۇ قەلەمى ئارقىلىق ئەڭ راست، ھەقىقىي تۇرمۇشنى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشچان ھالىتىنى يازالىغان. بىز چوڭقۇر ئويلىنىدىغان بولساق، ھازىرقى جۇڭگولۇقلاردا «راستچىللىق» بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئاخبارات-خەۋەرچىلىكتىن تارتىپ يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىگىچە ھەممە تەرەپلەرنى يالغانچىلىق قاپلىغاچقا، يەنە نېمىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىدىن ئىختىيارسىز گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدۇق، مەيلى بۇ جەمئىيەت كېيىن قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچبولمىغاندا ھازىر راستچىل بولۇشىمىز لازىم. ئادەمدە ئىناۋەت (ئىشەنچ) بولمىسا سەممىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ، تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال بولماسمۇ؟ جۇڭگو جەمئىيىتى — ھەربىرىمىز راستچىللىققا موھتاج. بىز جۇڭگولۇقلاردا بىر خىل دورا كەمچىل بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ راستچىللىق (سەممىيلىك)دىن ئىبارەت دورىدۇر.

لىۇ ياجۇ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «تاللانغان نادىر فېلىيەتونلار» ژۇرنىلى 2016-يىل 3-سانىدىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى

# مىكرو فېلىيەتونلار

## بەزىلەر نەزەرىدىكى «پەقەت»

**لو چىڭۋىن**

بەزىلەر پەقەت نەپ تېگىدىغان ئىش بولسىلا، ئۇ «نەپ»نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئۇ «نەپ»نى كىمدىن ئالىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ ھەم ئوڭايلىقچە قولدىن بەرمەيدۇ.

ئۆگىنىش قىلغاندا كۆڭلىنى بىر يەردە قويماي، دىققىتى چېچىلىپ كەتسىمۇ، پەقەت ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالسا، ئۇ ياخشى بالا، ياخشى ئوقۇغۇچى بولالايدۇ.

مەيلى ئۇ قانداق ۋاستە قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت مۇناسىۋەت ئورنىتالىسىلا، ئۇنىڭغا «قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم» دېگەن ماركا چاپلىنىدۇ.

پەقەت پايدا ئالىدىغان ئىش بولسىلا، ئادىل بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر مۇئامىلە ئادىل، مال سۈپەتلىك، باھاسى ئەرزان بولۇشتىن ئىبارەت سودا ئەخلاقى بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

پەقەت مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىش بولسىلا، ئۇ ھەرگىزمۇ نورمالنى يول ئارقىلىق ھەل قىلىنمايدۇ.

## ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق

**جياڭ جىڭيەن**

مېنىڭ بىر دوستۇم رەھبەرلىك ئورنىدىن پېنسىيەگە چىققان بولۇپ، ئۇ چايخور ھەم چاينى خېلى چوڭقۇر

تەتقىق قىلغانىدى.

— چاي ئىچىش دېگەن گەپ بىر خىل مەدەنىيەت، ئوخشىمىغان ئادەم شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ يېشىنىڭ ئوخشىماسلىقى، چاينى چۈشىنىش جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، — دېدى دوستۇم چۈشەندۈرۈپ، ئۇ سەل توختىۋېلىپ چايدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كونا باشلىقىم پېنسىيەگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى يوقلاپ بارغانىدىم، بىز «ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇڭدىشىپ قالدۇق، كونا باشلىقىم ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىش سەرگۈزەشتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىدى؛ ئەگەر سىز پېنسىيەگە ئەمدى چىققان چاغدا، بىرەر ئىش بېجىرىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز تېلېفون ئۇرسىڭىزلا بولىدىكەن؛ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىش بېجىرمەكچى بولۇپ باشقىلارنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە، تېلېفون ئەسقاتماي، ئۆزىڭىز بىۋاستە ئىزدەپ بېرىشىڭىزغا توغرا كېلىدىكەن؛ يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا-قايتا تېلېفون ئۇرسىڭىزمۇ، ئۆيىگە بىر قانچە قېتىم بارسىڭىزمۇ ئىشىڭىز بېجىرىلىشى ناتايىن بولۇپ، بۇمۇ خۇددى چاي ئىچكەندە، ئالدىنقى بىر قانچە پىيالە مەززىلىك تېتىپ، ئىچكەنسېرى ياخشى تېتىمىغاندەك، كېيىنگە سۈرۈلگەنسېرى ھېچقانداق تەمى قالمىغاندەك بىلىنىدىكەن، — كونا باشلىقىمنىڭ دېگەنلىرىدىن ناھايىتى مەيۈسلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— كونا باشلىقىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاغرىش تۈگۈل، كۆڭلۈم يورۇپ كەتكەندەك بولدۇم، — دوستۇم چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

يېڭى خىزمەتكە قاتناشقان چاغدا مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم، ئۇ چاغلاردا پۇت-قولۇم چاققان بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە چاي توشۇپ، چاي قۇيۇپ تۇرۇپمۇ چاينى پەقەت تەتقىق قىلىپ باقمىغانىكەنمەن، كېيىنچە رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، چاينى تېتىشنى، ئاز-ئازدىن ئىچىپ ئىچىشنى ئۆگەندىم، ياشلار ماڭا ئۆزمەي چاي قۇيۇپ تۇراتتى. ئەجەبا بۇ ھەممىدىن بەھرىمەن بولۇش كېرەك، دېگەنلىكمىدۇ؟ ئەجەبا بۇ ھەممە ئىش شۇ كىشىنىڭ يوقلىشى بىلەن تۈگەيدۇ، دېگەنلىكمىدۇ؟ — دوستۇم ئۆز-ئۆزىگە توختىماي سوئال قوياتتى.

— ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق، دېگەننىڭ مەنىسى، سىز ئەسلىدە خىزمەت قىلغان ئورۇندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى مۇناسىۋىتىڭىز شۇنىڭ بىلەنلا بارغانسېرى سۇسلىشىدۇ. دېگەنلىك، — دېدىممەن. ئارقىدىنلا، — ھوقۇقى بارغا خوش-خوش، ھوقۇقى يوققا پوش-پوش دېگەنگە كىنايە قىلىنغان . ئەمەلىيەتتە، بۇ دېگەن بىر خىل تەبىئىي ھادىسە، تولستوي «دوستلۇقنى بىر چەينەك قايناق سۇ دېسەك، ئۇ مەش (ئوچاق)دىن ئايرىلغان ھامان ئاستا-ئاستا سوۋۇپ قالىدۇ» دەپ ئوخشاتقىنىغا ئوخشاش، دوستلۇق دېگەنمۇ شۇنداق تۇرسا، خىزمەت مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قانداق گەپ ئاچقىلى بولىدۇ؟

بۇنى ئىنچىكە ئويلىساق «ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەن گەپ ئاڭلىماققا ئاددىي ئاڭلانغىنى بىلەن ئۇنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر، ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق دېگەندە «يوق» نەرسە ئەقىل-ئىدراك، رەڭدار گۈزەل تۇرمۇش، پۇختا قەدەم ئېلىشتىن ئىبارەت.

## ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بولمىغان دۆلەت ئەڭ قورقۇنچلۇقتۇر

چىن يۇخۇي

ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم دېگەننى ئاڭلاپلا بۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىراق ھازىرقى جەمئىيەتتە، ھوقۇق، مال-دۇنيا ئۈچۈن، شەخسلەرنىڭ كۆنسايىن ئۆرلەپ بېرىۋاتقان شەخسىي ھەۋىسى ئۈچۈن، دۆلىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھېچنەرسىگە قارىماي‍ۋاتىدۇ. بىر قىسىم ئەدىبلەر مال-دۇنيا ئۈچۈن خۇدىنى، ئېسىنى يوقىتىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىۋاتىدۇ. بىر قىسىم چولپانلار پۇل مال-دۇنيا ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئېزىز جېنى بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ. دۆلەتكە بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ، پۇقرانى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەر تۇرمۇشىمىزدا ماڭدامدا بىر ئۇچراپ توسقىلى بولمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمنى يوقاتساق، ھەرقانداق ئادەم تەلۋىلەرچە ئىش قىلىپ، خالىغان سەنىمىگە دەسسەيدۇ-دە، كۆرۈپ بىلەلمەيدىغان، «سەن مېنى بابلاشنىڭ، مەن سېنى بابلاشنىڭ، ئۇ سېنى بابلاشنىڭ، مەن ئۇنى بابلاشنىڭ» قەستىدە بولۇپ، ئۆزئارا زىيانكەشلىك قىلىدىغان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىمىز.

## قۇشلارنىڭ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى

سېغىزخان: بىزنىڭ خوش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، شۇم خەۋەرنى يەتكۈزمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، راست گەپنى قىلىدىغان چاغدا ياخشى ئاقىۋەتكە قالماي- دىغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر.

شاتۇتى: بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ مۇستەقىل مەپكۇرە ۋە تىلىمىز يوقلۇقى ئەمەس، بەلكى تىل دىلنىڭ ئېپادە- سى بولغىنى ئۈچۈن داۋاملىق ئېتىبارغا ئېلىنغىنىمىز ئۈ- چۈندۇر.

ھۆقۇش: گەرچە بىز ئاشلىق ئوغرىلايدىغان، باشقى- لارنىڭ كىيىم-كېچەكنى بۇزۇۋېتىدىغان بۇزۇق بولساق- مۇ، ئەمما سۈپىتورغايغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرالمىغىنىمىز ئۈچۈنلا ئېتىبارغا ئېلىنمايمىز.

## ئېنىق تۇرسىمۇ...

**ۋاڭ چاڭجۇڭ**

بۇنىڭ ئامما ماڭىدىغان پىيادىلەر يولى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇزاقتىن بۇيان يايمىچىلار (يايمىچى تە- جارەتچىلەر) ئىگىلىۋالدى؛

بۇنىڭ ئاممىۋى پەشتاق ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، شەخسلەرنىڭ ئەسكى-تۈسكىلىرىنى قويىدىغان جايغا ئاي- لىنىپ قالدى؛

بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىكلەر رايونىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش يولى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇنى شەخسلەر ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋالدى؛

ئۇ يەرنىڭ ئاھالىلەر رايونىنىڭ كۆكەرتىش بەلبېغى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئەمما شەخسلەر سەي- كۆكتات يېرى قىلىۋالدى؛

ئۇنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش يولى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، لېكىن دا- ۋاملىق بەزىلەر ئۇ يولنى ماڭىدىغان يولغا ئۆزگەرتىۋالدى.

«تاللانغان نادىر فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2016-يىل 4-سانى- دىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى

# بىر خەتلىك «يازما»لار

### بىر خەتلىك قىز مېلى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق شائىر، خەتتات خې شاۋجى قىزىنىڭ قىز مېلى تەييارلاش توغرىسى- دىكى خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بېيجىڭ شەھرىگە بىر ساندۇق ئەۋەتىپتۇ. توي بولغان خۇشاللىق كۈنى قىزى چۈن مېيي ساندۇقنى ئاچقانىكەن، ئائىلە بويىچە ھەممەيلەن ھەيران قاپتۇ؛ ئەسلىدە ساندۇق قۇپقۇرۇق بولۇپ، ساندۇق ئاستىدا ئىنتايىن چىرايلىق يېزىلغان «تى- رىشقىن» دېگەن بىر خەت تۇرغىدەك.

### بىر خەتلىك ھۆكۈم

چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە بىر تۇل ئايال قايتا ياتلىق بولماقچى بولغاندا ئۇنىڭ قوشنىسى ۋە ئائىلىسىدى- كىلەر ئۇنى توساپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال مەھكىمە ئە- مەلدارىغا بىر ئەرز سۇنۇپتۇ: «ياپياش تۇرۇپ ئېرىمدىن ئايرىلىپ تۇل قالدىم. ‹ئېرى يوقنىڭ ئېرى تولا› دېگەن- دەك، گۇمان نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالدىم. مۇنداق ئەھۋالدا قايتا ياتلىق بولۇشۇم كېرەكمۇ-يوق؟» دېگەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز-ئىبارە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قايتا ياتلىق بولۇش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ، ناھىيە ئامبىلى ئەرزنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا تۇل ئايالغا بارىكاللا ئېيتىپ، دەرھال «قايتا ياتلىق بولسۇن!» دېگەن ھۆكۈمنامە چىقى- رىپتۇ.

### بىر خەتلىك ھېكايە

ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېت بىر خەتلىك مىكرو ھېكايە يېزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، «تۇنجى مۇھەببەت خېتىنى ئەۋەتكەندىن كېيىن» ماۋزۇلۇق بىر ھېكايە ئەڭ ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ. ئۇ ھېكايىنىڭ تولۇق تېكىستى بىر خەت بولۇپ، «كۈتۈش...» ئىكەن.

### بىر خەتلىك جاۋاب خەت

ناھايىتى ھەسەتخور (ئىچى تار) بىرەيلەن ئادەمنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر پارچە خەتنى يېزىپ ئامېرىكىدى- كى داڭلىق يازغۇچى ھېمىڭۋايغا ئەۋەتىپتۇ، خەت مۇنداق يېزىلغان: «مەن سىزنىڭ ھەر بىر ئېغىز گېپىڭىزنىڭ ئال- تۇنغا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلىمەن. مەن شۇڭا سىزگە بىر ئامېرىكا دوللىرى ئەۋەتتىم، سىز بىر ئەۋرىشكە

ئەۋەتلىك، مەن كۆرۈپ باقاي». ھېمىڭۋاي بىر ئامېرىكا دوللىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن «رەھمەت!» دېگەن خەتنى يېزىپ ئەۋەتىپتۇ.

### بىر خەتلىك ئالاقە

1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بوستوندىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك جاينى ئىگىلىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ 47 - بىرونېۋىك قوشۇنىنى ئامېرىكا ئارمىيەسى 101 - پاراشوتچى دېۋىزىيەسى قورشىۋالدى. گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيە باشلىقى ۋان ۋۇتۇۋېير ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ دېۋىزىيە باشلىقى مىكاۋلىفقا خەت يېزىپ تەسلىم بولۇشنى ئېيتىپتۇ. بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ دېۋىزىيە باشلىقى دەرھال ئالاقە (جاۋاب) ئالاقىسىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئالاقە پەقەت «تۈفى!» دېگەندىن ئىبارەت بىر خەتلا ئىكەن.

### بىر خەتلىك سالام خەت

20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى يازغۇچى جاۋ شۇلى ئوغلىدىن كەلگەن بىر پارچە سالام خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. بۇ بىر پارچە خەتنىڭ تولۇق تېكستى «پۇل» دېگەندىن ئىبارەت بىر خەتلىك بولۇپ، جاۋ شۇلى خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇ ھامان جاۋاب خەت قايتۇرۇپلا قالماي، جاۋاب خەتنى تېخمۇ قىسقا يازغان بولۇپ «0»نى يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. جاۋشۇلىنىڭ قارىشىچە، ئوغلى ئاللىبۇرۇن ئۆي ئايرىپ (بۆلەك بولۇپ) چىقىپ كەتكىنى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىغا يۆلىنىۋالماسلىقى لازىم ئىكەن.

يې مىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «نادىر فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلى 2016 - يىل 3 - ساندىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى

---

ئاپتور: شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسى

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى

# ئاپتاپپەرەس ئېچىلغۇدەك

(ھېكايە)



چىڭقچۇش.

ئاسماننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش زېمىنغا ئوت پۈركۈيتتى. يەر - جاھان تونۇر-دەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. بىر چېتى جاڭگالغا تۇتاش-قان بىنەمنىڭ چىم باسقان ئەگرى - بۈگرى قىرلىرى ئىسسىقتا لاۋۇلداپ كۆرۈنەتتى. بىنەمنىڭ بىر چېكىسى-دە قويۇق نان جىگدىلىرىنى كۆتۈرەلمەي شاخلىرى پەسكە ساڭگىلىغان دوڭغاق جىگدە خۇددى جاڭگال بىلەن مەھەللىنىڭ چېگراسىنى ئايرىپ تۇرغان بەلگى-دەك سېزىم بېرەتتى. بىراق، يېقىن بېرىپ قارىغاندا جىگدىنىڭ نېرىقى چېتىدە پاكار ئۆسكەن ئاپتاپپەرەس-لىك ئۇزاققا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

مەھەللە بىلەن جاڭگالنى ئايرىپ تۇرغان زەيكەش-تىن گۈپۈلدەپ قارا لاي بىلەن زەي سۇنىڭ پۇرىقى كې-لەتتى. چۈجىگۈن، شۇۋاق بېسىپ كەتكەن بىنەملىك كىچىك - كىچىك كاندۇكلاردىن تەركىب تاپقانىدى. كاندۇكلاردا ئانچە بوي تارتالمىغان ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ كاللىكى ئەمدىلا مونەك بولۇشقا باشلىغان بولۇپ ئېچى-لايلا دەپ قالغانىدى. رەڭلىك قاناتلىرىنى توختاۋسىز پىلدىرلىتىشقىنىچە غۇژمەك بولۇشۇپ ئۇچۇشقان ھەسەل ھەرىلىرى خۇددى بىنەملىكتىكى ئاپتاپپەرەس-لەرنىڭ تېزراق ئېچىلىشىنى كۈتۈشۈپ بىتاقەت بولۇش-قاندەك غوژۇلدىغان ئاۋازلارنى چىقىرىشاتتى.

ئاپتاپپەرەسلىك بىلەن جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەيكەشنىڭ دامبىلىرىنى قويۇق قومۇش قاپلىغانىدى. قومۇش ئادەم بويى ئۆسۈپ ئۇچىغا باشمالتاقتەك توم-لۇقتا توزغاق تۈتقانىدى. ئادەتتە يېنىك شامال چىقسىلا قومۇشلارنىڭ ئۇچىدىكى توزغاقلار پۇرۇلداپ توزۇپ ئەتراپىنى بىر ئالاتتى. بۈگۈن ئاپتاپ كۈچلۈك، ھاۋا

تىنجىق بولغاچقا دامبىنىڭ قومۇشلىرى سۈكۈت ئىچىدە ئۈيۈپ قېلىشقانىدى.

بىر قولى بىلەن ئاغرىق پۇتى تەرەپتىكى تىزىنى مەھكەم سىقىملاپ، يەنە بىر قولىدا باش ياغلىقىقا ئورالغان خۇمرا كۆتۈرگەن دوڭغاق موماي ئاپتاپپەرەسلىكنىڭ قىرىدا پەيدا بولدى. ئېگىز - پەس ئېتىزلارنى ئارىلاپ، ئاقساق پۇتىنى ئاۋايلاپ يۆتكەپ مېڭىشىدىن مومايىنىڭ بۇ يوللارنى كۈندە بىر ۋاق مېڭىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. مومايىنىڭ تىزىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان قولى ئۇ ھەر بىر پۇت يۆتكىگەندە تىزى بىلەن تەڭ ئالغا چامدايتتى. گاھ ئاپتاپپەرەسلىك ئىچىدىن، گاھ چىم باسقان ئەگرى قىرلاردىن ئۆچى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يالغۇز ئاياغ چىغىر يول مومايىنىڭ ھەر كۈنى مۇشۇنداق مېڭىپ تۇرغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدەك يىلانباغىرى سوزۇلۇپ ئاقىرىپ ياتاتتى.

موماي بېلىگىچە كەلگەن ئاپتاپپەرەسلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ ئاۋۋال بىنەمنىڭ زەيكەش بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۆگىنىڭ لوكىسىدەك ئېگىز - پەس چىملىق قىرىغا، ئاندىن زەيكەشنىڭ ئېگىز دامبىسىغا دۈچ كەلدى. بىنەمنىڭ قىرىغا ئۇ تەستە ئۆمىلەپ چىقتى. ئاقساپ ماڭىدىغان ئاجىز پۇتلار، مۈكچەيگەن ئاجىز بەدەن يەردىن تىز يېرىم ئېگىزلىكتىكى قىرغىمۇ تەستە يامىشاتتى. ئەمما زەيكەشنىڭ دامبىسىغا چىقمىقى بەسى مۈشكۈل ئىدى.

— دامبىغا ياماشمىغىن، بولدى مەن چۈشەي، — دەيتتى ھەر كۈنى بوۋىيى خۇمرىدا مۇزدەك قېتىق ئېلىپ كەلگەن مومىيىغا كۆيۈنۈپ تۇرۇپ، — دامبىغا چىقساڭ ئۈزۈلۈپ قالىسەن!

بوۋىيى ھەققەتەن كۆيۈمچان ئىدى! كۈندە چىڭقىچۈشتە ئۆزىگە مۇزدەك قېتىق، يۇمشاق كۆمەچ ئېلىپ ئېگىز - پەس ئېدىرلىق يوللاردا ئاقساق پۇتى بىلەن قىينىلىپ دىڭگوسلاپ مېڭىپ كېلىدىغان مومىيىنى يەنە قىيناشنى قەتئىي خالىمايتتى. بىنەمنىڭ قىرىغا مىڭ جاپادا ياماشقان موماي قولىدىكى خۇمرىنى قويۇق ئۆسكەن چىغنىڭ سايە چۈشكەن تەرىپىگە قويۇپ كاسىسىنى قىرغا قويغىنىچە «ئۇھ!» دېدى. ئاندىن ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى دامبىغا نېمىندۇر تاما قىلغاندەك تەلمۈرۈپ قارىدى.

بوۋاي ھەر كۈنى زەيكەشنىڭ دامبىسىدىكى قومۇشلارنى ئورۇۋېتتى. زەيكەشنىڭ يانباغرىدا ئورۇپ ياتقۇزۇلغان قومۇشلار دۆۋىلىنىپ كېتەتتى. ھەر كۈنى كۈن چىڭقىچۈش مەھەلدە موماي ئۆزى سالغان يالغۇز ئاياغ چىغىر يولدا دىڭگوسلاپ ماڭغىنىچە خۇمرا كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئاندىن بوۋاي ئىككى باغلام قومۇشنى كۈن يورۇشكە تىكلەپ سايە چۈشۈرگەندىن كېيىن قەدىناس ئەر - خوتۇنلار بىللە ئولتۇرۇپ قېتىققا نان مىلەپ يېيىشكە باشلايتتى.

«بۈگۈن قورسىقى ئاچمىدىمىكى بۇ ئادەمنىڭ!...»

موماي ئۆزى ئاڭلىغۇدەك غودۇراپ قويدى. ئۇ ئادەتتە بىنەمنىڭ قىرىغا يېقىن كېلىپ بولغىچە ئالدىغا كېلىپ قولىدىن خۇمرىنى ئېلىپ ئاندىن مومىيىنىڭ جەينىكىدىن، بېلىدىن قوللىرىنى ئۆتكۈزۈپ دامبىدىكى قومۇش سايىسىغا ئېلىپ چىقىدىغان بوۋىيىغا كۆنۈك ئىدى. بوۋىيى بىر قولىنى مومايىنىڭ بېلىگە ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر قولى بىلەن مومايىنىڭ جەينىكىنى چىڭ تۇتۇپ دامبىغا تارتقاندا موماي قۇشتەك يەڭگىللەپ قالاتتى. بوۋاي خۇددى ئۇنى كۆتۈرگەندەكلا دامبا ئۈستىگە ئېلىپ چىقاتتى. ئاندىن ئۇ بوۋاي بىلەن يانمۇ - يان تۇرۇپ، قوللىرىنى چېكىسىگە سايىۋەن قىلىپ مەھەللە تەرەپكە كۆز سالاتتى. ئېگىز دامبا ئۈستىدە مەھەللە يىراقتىن ئوچۇق كۆرۈنەتتى. ئاندىن ئىككىيلەن تىكلىمە چەللىنىڭ سايىسىغا ئورۇق گەۋدىلىرىنى يوشۇرۇشاتتى.

ئىككى - ئۈچ باغ قومۇش تىكلىنىپلا ياسالغان تىكلىمە چەللە موماي ئۈچۈن خان ئوردىسىدىنمۇ مېھرىلىك جاي ئىدى. ئاستى قاداق شور، ئۈستى تونۇردەك ئاپتاپ، بىر تەرىپى قاڭسىق زەي، پەقەت مەھەللە تەرەپلا يېشىل ئېكىنزار - بىنەملىك جاڭگال چېكىسىدە ئۇ بوۋىيىنىڭ ئۆزىنى ياش ۋاقىتلاردىكىدەك قولتۇقلاپ دامبىغا ئېلىپ چىقىشىدىن، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن بوۋىيى بىلەن ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشلىرىدىن، ئاندىن قايتىدىغان چاغدا بوۋىيىنىڭ يەنە ئاۋۋالقىدەكلا بېلىگە، قولتۇقىغا بىلىكىنى ئۆتكۈزۈپ دامبىدىن ئەپ چۈشۈپ قويۇشلىرىدىن، ھەتتا مومايىنى قىيمىغان ھالدا ئاپتاپپەرەسلىكتىن ئاۋايلاپ يېتىلەپ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىشلىرىدىن ئالەمچە سۆيۈنۈپ ئۆزىنى ئۇن ياش ياشىرىپ قالغاندەك سېزەتتى.

موماي دامبىغا ئاغرىنغاندەك قاراپ قويدى.

ئەسلى بوۋىيى بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ يېنىغا چۈشۈپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەئە، ئۇنىڭ قولىدىن خۇمرىنى ئېلىشى، ئاندىن قىسىق كۆزلىرى بىلەن مومىيىنىڭ جۈدەڭگۈ چىرايىغا مېھرلىك قارىشى، باشلىرىنى سۇس گىلدىڭشىتقانچە مومىيغا تەبەسسۇم قىلىشى، ئاندىن ياش چاغلىرىدەك بىلىكىنى مومىيىنىڭ بېلىگە، قولتۇقىغا ئۆتكۈزۈپ قۇشتەك يەڭگىل يېتىلەپ، دامبا ئۇستىگە ئېلىپ چىقىشى، ئەتىگەندىن بېرى ئورۇپ دۆۋىلىۋەتكەن قومۇشلىرىنى كۆرسىتىپ مەغرۇر كۈلۈشى، مومىيىنى خۇددى ئەتىۋارلىق مېھماننى تۆرگە باشلىغاندەك قومۇش چەللىنىڭ سايىسىغا باشلىشى، يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ قىيتىق ئىچىشى، تېخى شېتىلىلىك قىلىپ مومىيغا چاقچاقلارنى قىلىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ھەئە، مومايىنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ جاڭگال چېكىسىدىكى زەيكەشنىڭ دامبىسىدا كۈتىدىغان تاتلىق ھېسلار، خۇشاللىقلار ئەنە شۇلار ئىدى...

مومايي خۇمرىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. تىترەپ تۇرغان قوللىرى خۇمرا چىگىلگەن باش ياغلىقىنىڭ تۈگۈچىنى چىڭ سىقىمدىدى. ئەمدى ئۇ زەيكەشنىڭ دامبىسىغا ئۆزىلا ياماشماقچى بولدى.

مومايي تىك كەلگەن، ئېگىز، يانباغرى قاداق شور، قومۇش كۆتىكى ئۇستىدىن چىغىر ھاسىل بولغان دامبىغا ياماشتى. ياماشتى دېگەندىن كۆرە ئۆمىلىدى دېسە مۇۋاپىق بولار. ئەزەلدىن سىرقىراپ ئاغرىيدىغان ئاقساق پۇتى بىلەن ئانچىكى ئېتىز قىرلىرىنىمۇ دەسسەپ چىقالماي ئۆمىلەپ چىقىدىغان تۇرسا، بۇنداق ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى دامبىغا قانداقمۇ چىقالىسۇن!

مومايي ئىككى ياشلىق بالىدەك قولاشمىغان ھەردكەتلەر بىلەن دامبىغا قول سوزدى. بىر قولىدا خۇمرا، بىر قولى بىلەن قاداق شورنى تىرماپ ياماشتى. ئەمما كۈچى يېتىدىغاندەك ئەمەس. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بوۋىيى قولتۇقلاپ، يۆلەپ چىققاندا بۇنچىلىك قىيىنلىقىنى سەزمىگەن ئىكەن، مانا ئەمدى ئۆزى ياماشقاندا كۈچ-مادارىنىڭ قەدرى باشقىچە ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. ئاقساق پۇتى ئۇن ھەسسە سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى. بىر كىم تاپىنىدىن تۆۋەنگە تارتىپ چۈشۈرىۋاتقاندەك ئۇستىگە بىر غېرىچ ئۆلگىرىلىسە تۆۋەنگە ئىككى غېرىچ سىيرىلىپ چۈشتى.

بىر تاۋاق ئاش پىشىم ھەپىلىشىپمۇ دامبىغا ياماشالمىغان مومايىغا بۇ ئىش ھار كېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. يىغلىغان بىلەن كۆزىدىن ياش چىقمايدۇ. پەقەت قۇرۇق ئېسەدەشلا يىغىسى شۇ. ئېسەدەش بىلەن تەڭ پاقالچىقىدا تېخىمۇ كۈچ-ماغدۇرى قالماي لاغىلداپ تىترەيدۇ.

مومايي دامبىنىڭ يانباغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئاجىز-ئەيىناقلىقىغا، تۆپىلەپ كەلگەن قېرىلىقىغا لەنەت ئوقۇغۇسى كېلىپمۇ كەتتى. ئۇنىڭغا خۇمرىنى كۆتۈرۈپ دامبىغا چىقىش تەس كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تۇرۇپلا خۇمرىنى قويۇپ چىقىشنى ئويلاپ قالدى.

توغرا، خۇمرىنى پەستە قويۇپ چىققاندا ئاسان بولامدۇ؟ ئۇ چاغدا دامبىغا ئىككى قوللاپ ياماشقىلى بولىدۇ!

مومايي ئۆزىنىڭ بۇ پەمىدىن ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلىپ خۇمرىنى باياتىنقى چىغىنىڭ دالدىسىغا ئاۋايلاپ قويدى. ئاندىن قۇرغاقچىلىقتىن سولىشىپ، رەڭگى سارغايغان بىر نەچچە تۇپ پاقا يوپۇرمىقىنى تىترەپ تۇرغان ئاجىز قوللىرى بىلەن يۇلۇپ مۇنەججىملىك بىلەن خۇمرىنىڭ ئۇستىگە يېپىپ قويغاندىن كېيىن دامبىغا قايتا ياماشتى.

بىر قولنىڭ كۈچىدىن ئىككى قولنىڭ كۈچى ئارتۇق بولسىمۇ، مومايي يەنىلا كۆپ جەبىر تارتتى، جانسىز بارماقلىرى بىلەن يەر تىرماپ، تىرناقلىرى يېرىلىپ قان تەپچىرىگەندە ئاران دامبىغا ياماشتى. ئۇ كۆرمىگەن كۈننى كۆرۈپ مېڭىبىر جاپادا دامبىنىڭ ئۇستىگە چىققاندا قارا شالتاق تەرلەپ ھەممە يېرى توپىدا يۇمىلىغاندەك قارىغۇسىز بوپ كەتكەنىدى. بىراق مومايي مۇشۇ يېشىدا تۇنجى قېتىم بۇ دامبىدىن بوۋىيىنىڭ ياردىمىسىزلا يامىشىپ چىقالىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ تارتقان جاپالىرى كۆزىگە كۆرۈنمەيلا قالدى. ئۇ ئالىقانلىرىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ، دامبىنىڭ ئىچ يانباغرىغا قاراپ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى!

دامبا ئۇستىدە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ھەتتا ھەر كۈنى يېڭى ئورۇلغان ھۆل قومۇش بىلەن سايە چۈشۈرۈلىدىغان جايدىمۇ ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئورۇلۇپ رەتلىك تاشلانغان قومۇشلارنى

پادىدىن يانغان ئۇلاغ - چارۋىلار دەسسەپ - چەيلەپ بۇزۇۋەتكەندى. زەيكەشنىڭ يانباغرىنى بويلاپ ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلۇق ئوتتەك ئىسسىق ئاپتاپتا، تىنچىق هاۋادا سۈكۈتكە پاتقاندەك مۇڭلىنىپ جىمجىت كۆرۈنەتتى.

موماي شۇندىلا ئاندىن ئېسىگە كەلدى. ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىپ قويغىنى ئەمدى ئۇنى سەگىتكەندەك هاڭۋېقىپ تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېرۋىسىغا ئارام بەرمەيۋاتقان هىجران ئازابىدىن ئېسىنى يوقىتىپ، نەچچە هەپتە ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن بوۋىيغا خۇمرىدا قېتىق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېسەدەش ئىچىدە خىرە هېس قىلدى. هېس قىلغاندا بولسا يۈزلىرى ئوت ئېلىپ ئەتراپىغا ئالاق - جالاق بولۇپ قارىدى. ئەتراپتا ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيدۇ. هەممە تەرىپى لاۋۇلداپ تۇرغان جاڭگالنىڭ چېكىسىدە موماي يىڭىندەك يالغۇز هالدا كۆز ئالدى تۇمانلىشىپ دامبا ئۈستىدە تۇرىدۇ.

«هە نېمە بولسا بىركىم يوق ئىكەن!...— دەپ ئويلىدى، موماي خىجىللىق ئىچىدە،— شۇ تۇرقۇمنى بىرسى كۆرسە مېنى ئالجىپ قاپتۇ، ئۆلۈپ كەتكەن بوۋىيغا خۇمرىدا قېتىق ئېلىپ جاڭگالنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ دەپ سۆز - چۆچەك قىلمامدۇ!؟... ئى ئۇلۇغ خۇدا، كۆرسەتكەن كۈنلىرىڭگە مىڭ مەرتۋە شۈكۈر...»

موماي ئەتراپىغا قورۇنغاندەك قاراپ قويدى. تۆتلا تەرىپى جىمجىتچىلىق. كۈن چوغدەك قىزىتىپ تۇرغان بۇ جاڭگال چېكىسىدە مومايدىن باشقا هېچكىم يوق.

موماي ئۆزىمۇ سەزمەي ئورۇلغان قومۇشلارنى بويلاپ يۇقىرىلاپ ماڭدى. ئاۋۋالقىدەك قومۇش چەللىنىڭ سايىسى هازىر يوق. بىراق، موماي ئۈچۈن تونۇردەك ئاپتاپمۇ، سالقىن سايىمۇ بەرىبىردەك قىلاتتى. جاهاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىغا پىشىپ كەتكەن قاتاڭغۇر چىرايى بۇنچىلىك كۈچلۈك ئاپتاپلارغا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. شۇڭا، موماي بېشىدىكى كىرلىشىپ قالغان رومالىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ئوڭ قولىنى چېكىسىگە سايىۋەن قىلغىنىچە سول قولى بىلەن ئاغرىق تىزىنى تۇتۇپ دوڭغىيىپ تۇرۇپ دامبا ئۈستىدىكى ئورۇلغان قومۇشلارغا كۆز يۈگۈرتتى.

موماي نېمىشقىدۇر يەردە چەيلىنىپ ياتقان قومۇشلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. هەئە! ئۇ قومۇشلۇقتا، دامبا ئۈستىگە خۇددى بىر كىمنى، بىر نېمىنى ئىزدىگەندەك سەگگىرىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارىدى. هەر بىر باغلام قومۇشتا بوۋىيى رەھمەتلىكنىڭ قوللىرىنىڭ ئىزى بار ئىدى، هەر بىر سىقىم قومۇشنى بوۋىيى بىر سىقىم - بىر سىقىمدىن ئورۇغاندى، هەر بىر سىقىم قومۇشنى بىر ئورغاق، بىر ئورغاقتىن شىلتىپ ئورۇغاندى. شۇڭا، ئورۇلغان هەر بىر سىقىم قومۇشتا، توزغاقلىرى توزۇپ تۇرغان زەيكەشنىڭ يانباغرىدىكى قومۇشلۇقتا، قاداق شور باسقان دامبا ئۈستىدە مومايىنىڭ ئەڭ تاتلىق، ئەڭ شېرىن، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىملىرى بار ئىدى.

موماي بوۋىينىڭ كۆيۈمچانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

هەئە! بوۋىيى بەكمۇ كۆيۈمچان ئادەم ئىدى. موماي سېكىلەك چېغىدا بوۋايغا ياتلىق بولغان بولسىمۇ بىراق، تەقدىرى تەتۈر پېشانە كېلىپ قېلىپ بىر ئۆمۈر تۇغمىغاندى. شۇندىمۇ بوۋاي بىر ئېغىز چىش يېرىپ ئايالىنىڭ تۇغماسلىقىنى، ياكى بالىسىزلىقىنى چوقىسىغا قويۇپ باققان بەندە ئەمەس. ئەكسىچە، موماي كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ تۇغماسلىقىنى ئاياللىق ئاجىزلىقى هېسابلاپ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى، ئېرىنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ باللىق بولۇشىنى ئۆتۈنگەندە بوۋاي كەسكىن قىلىپ:

— يوق گەپنى قىلما! بالا دېگەننى ئاللاھ بېرىدۇ، سەندە نېمە گۇناھ؟ خۇدايىم بېرىپ قالا، بەرمىسە پېشانىمىزغا پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمىز ...— دەپ ئاچچىقلاپ ئايالىنى ئېغىز ئاچقۇرمىغاندى.

موماي بىر قولى بىلەن يەر تايىنىپ ئاستاغىنا داق شور ئۈستىگە كاسىسىنى قويدى. نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇشۇ جايدا ئولتۇرغۇسى كېلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. ئەمما، مۇشۇ جاينىڭ ئىلگىرى بوۋىيغا قېتىق ئېلىپ كەلگەندە، باغلام قومۇشلاردىن تىكلىمە چەللە ياساپ قويۇپ ئولتۇرىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇرىدۇ. هەتتا نېرىراقتا باغلىق قومۇشلار چۇۋۇلۇپ يېتىپتۇ. پادىدىن ئېزىپ يېنىپ كەلگەن كالىلار باغلىقنى چۇۋۇپ قومۇشلارنى يېگىنىچە يەپ، يېمىگەنلىرىنى دەسسەپ - چەيلەپ بۇزۇۋېتىپتۇ. دەسسەلگەن

قومۇشلارنىڭ يېنىدا قۇرۇپ قالغان كالا تېزەكلىرى تۇراتتى.

رەتسىز چېچىلىپ ياتقان قومۇشلارغا قاراپ مومايىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. باغلىقى چۇۋۇلغان، دەسسەپ - چەيلەنگەن قومۇشلارنى كۆرگەن موماي خۇددى ئۆزىنىڭ ئاجىز جىسمى دەسسەپ - چەيلەنگەندەك ھېسسىياتقا كەلدى. قومۇشلارنى بوۋىيى سۆگەت تېلىدىن شوينا ئېشىپ ئادەم بېلىدەك چوڭلۇقتا باغلايتتى. ئاندىن ئىككى - ئۈچ باغ قومۇشنى بىر - بىرىگە يۆلەپ تىكلەپ قويسا سايىۋەن پۈتەتتى. موماي كەلگەندە ئىككىسى ئاشۇ سايىۋەندە ئولتۇرۇپ گوڭگۇرلىشىپ مۇڭداشقىنىچە قېتىققا نان چىلاپ قورساقلىرىنى تويغۇزاتتى. ئاندىن بوۋاي بېلىگە قاداق شورىنىڭ پاتقىنىغا قارىماستىن جايىدىلا يامپاشلاپ ئۇيقۇغا كېتەتتى. موماي بولسا ئورۇق، جانسىز قوللىرى بىلەن ھېرىپ ئېزىلىپ كەتكەن بوۋىيىنىڭ گەجگىسىنى، تاغاقلىرىنى، بېلىنى مېھرىبانلىق بىلەن تىنىمسىز مۇجۇپ تۇتاتتى. تاكى بوۋىيى كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپ ئورنىدىن ئۆرە بولغىچە پەقەت توختاپ قالمايتتى.

موماي ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى. ئىلگىرى بوۋىيىنىڭ يېنىدا كۆپرەك تۇرۇۋالمىغىنىغا، تاغاقلىرىنى، گەجگىسىنى كۆپرەك تۇتۇپ قويمىغانلىقىغا ئېچىنىپ مىشىلدىدى.

«ئادەم ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان جاھانكەن!... — دەپ ئويلىدى موماي ئېتىكى بىلەن نەملەشكەن كۆز جىيەكلىرىنى سۈرتكىنىچە، — سىلى قومۇش ئورۇۋاتقاندا نېمەدەپ ئۆيگە كەتكەن بولغىيتتىم؟ نېمە دەپ بۇ جاڭگالدا سىلىنى ئاچ - ئۇسسۇز تاشلاپ قويغان بولغىيتتىم؟ نېمشقا يانلىرىدا كۆپرەك بىللە تۇرۇۋالمىدىم؟ ئۈنلىرىنى جىقراق ئاڭلىۋالمىدىم؟ نېمەدەپ ئاشۇ كۈنى غەپلەت بېسىپ ئۆيدە ئۇخلاپ قالغاندىمەن؟ ئىگەكىم يانلىرىدا بولسام بىر ئېغىز گەپلىرىنى ئاڭلىۋالار ئىدىم!...»

موماي ئېسەدەشكە باشلىدى. قومۇشلار چېچەكلىگەندىن باشلاپ تاكى كۈز چىقىپ كەتكۈچە جاڭگالدىن كىرمەي قومۇش ئورۇيدىغان بوۋىيىنىڭ قاغجىرىملىق جاڭگالدا قانچىلىك قىينالغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققۇسى كېلەتتى. نەچچە قېتىملاپ.

— بولدى جاڭگالغا چىقمىسىلا، ئىسسىقتا بەك قىينىلىپ كېتىلا، — دېگەن گېپىگە جاۋابەن بوۋاي خىرىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرغان ئىشىكنىڭ ئۈلگۈجىكى چىرىمەس دەپتىكەن، مىدىرلاپ تۇرغان ئادەمنىڭ تېنى ساق بولىدۇ. ياش ۋاقتىمدا سەن ماڭا تۇخۇم توشۇيتتىڭ، ئەمدى قېرىغاندا مەن قومۇش ئورۇپ ساڭا گۆش توشۇپ باقمىسام بولماس!... — دەپ چاقچاق قىلاتتى.

مومايىنىڭ باغرى ئېزىلدى. ئەتىگەندە قومۇش ئورۇشقا ماڭغاندا «خۇدايىمغا ئامانەت» دەپ ساپساقلا چىقىپ كەتكەن بوۋىيىنى چۈشكە يېقىن جاڭگالدىن تۈز ئېلىپ قايتقان تۈزچىلار ھارۋىغا بېسىپ ئەكەلگەنىدى. ئۇلار بوۋايىنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىرگەندە بوۋاي ئاللىبۇرۇن تىل - زۇۋاندىن قالغانىكەن. كۈندىكى ئادىتى بويىچە خۇمرىغا قېتىق ئېلىپ، ياغلىققا نان يۆگەپ تەييار بولغان موماي بۇ تاسادىپىيلىقتىن گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭقېتىپ قالدى.

ياش ۋاقتىدىن تارتىپ بەللەر مۈكچىيىپ ئەسىر يېشىنى ياشلىغۇچە قاپاق تۇرۇشمەي بىللە ياشاپ كەلگەن بىر جۈپلەرنىڭ تويۇقسىز ئايرىلىشى مومايغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئۆزىنىڭ قانداق ياقا يىرتىپ يىغلىغىنىنى، نېمىلەرنى دەپ قوشاق قاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. ئېسىنى يىغقاندا بولسا مەرھۇم بوۋىيىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن سۇۋۇلغان سامان لاي سۇۋاقلىرى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ ئاقىرىپ بولغانىكەن. ئۆيگە كىرىپ، تالاغا چىقىپ، كۈن كەچ قىلالماي غېرىبسىنغان مومايىنى بىر جۈپ ئاجىز، ئاقساق پۇتلىرى ئىختىيارسىز مۇشۇ زەيكەشلىكتىكى قومۇشلۇققا ئېلىپ كەلگەنىدى...

موماي خىيالغا چۆكۈپ ئۇزاقتىن ئۇزاققا ئولتۇردى. كۆز ئالدىغا ياش ۋاقىتلىرىدىكى زېرەك، ياۋاش بىر سۆيۈملۈك سىما بىلەن قاراڭغۇلاشقان سۆگەتلىكتە پىنھان ئۇچراشقان مەنزىرە تارتىلىپ مومايىنىڭ قەلبى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى:

«— مېنى يېتىم كۆرمىسەڭ گېپىمنى ئويلىنىپ باققىن جېنىم! خۇدايىم بۇيرۇسا سېنى بىر ئۆمۈر ئەزىزلەيمەن!...

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىلا، ھەممىمىزگە ئاللاھ باش پاناھ. ھېچكىم زىنھار يېتىم ئەمەستۇر... ئەمما...

— نېمە بولدى؟

— مېنىڭ بىر پۈتۈم مۇشۇنداق ئاجىز، ئەيىبلاق تۇرسام...

— ئۇنداق دېمە ئەزىزىم، مېنىڭ نەزەرىمدە سەن ناھايىتى بېجىرىم، قاۋۇل، كېلىشكەن قىزسەن! سەن بەئەينى شاھ ئوردىسىدا چوڭ بولغان مەلىكىلەرنىڭ ئۆزى سەن!

— ھىممەت قىلىۋاتىلا!...

— ئەگەر سەن ماقۇل كەلسەڭلا ئاپتاپپەرەسلەر ئېچىلغاندا تويىمىزنى قىلىمىز.»

موماي دامبا ئۈستىدە، چوغدەك قىزىتقان ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ شۇلارنى ئويلىدى. ئاندىن ئوتتۇرىدەك قاتتىق، بىراق مېھىرلىك، يوغان بىر جۈپ قولنىڭ تىترەپ تۇرۇپ دولىسىغا ئېلىنغىنىنى ئويلىدى. ئاندىن تىترىگەن ئالقانلارنىڭ ئاستاغىنا مەڭزىنى سىيلىغىنىنى، ئىككى قولىقىنىڭ يۇمشىقىدىن بېسىپ تۇرۇپ ئالدىغا تارتقىنىنى ئويلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ-كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدى. نېمىلەرنى ئويلىغىنىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلالمىدى. بىراق، شېرىن بىر ھېس-تۇيغۇلار قوينىدا پۈتكۈل جىسمى شامدەك ئېرىپ خېمىردەك بوشىشىپ كەپتەر باچكىسىدەك بۇقۇلداپ كەتتى.

كۈن تىكلىشىپ ھەممە ياق لاۋۇلداپ ئىسسىپ تۇرىدۇ. زەيكەشلىكتىكى ساپسېرىق سارغايغان زەي سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن يىلان باللىرى سۇنىڭ قىزىغان تەپتىگە چىديالماي باشلىرىنى سۇدىن چىقىرىپ ئاچىماق تىللىرىنى لىكىلدىتىپ ئۈزۈپ يۈرۈشىدۇ. قاداق شور ئۈستىدە پىرىلداپ چېپىپ يۈرىدىغان پاتمچۇق، كەسلەنچۈكلەرمۇ ئىسسىقتىن قېچىشىپ نەلەرگىدۇر يوشۇرۇنۇشقان. مەھەللە تەرەپمۇ جىمجىت. كىشىلەر تونۇردەك قىزىتقان كۈننىڭ تەپتىدىن قېچىپ سالقىن، قاراڭغۇ ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنۇشقان. پەقەت مومايلا ئالۋۇندەك لاۋۇلداپ تۇرغان دامبا ئۈستىدە ئېگىكىنى يۆلەپ يالغۇز ئولتۇرىدۇ.

قاياقتىندۇر تۆگە ھارۋىسىغا ئېسىلغان گودۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە تۇرۇپلا يوقاپ كەتتى. ئېھتىمال تۈزچىلار جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدە ئورۇن ئالماشتۇرغان چېغى. ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قايناتقان مۇشۇ ئىسسىقتا جاڭگالدا تۈز قېزىپ يۈرگەنلەر نېمە دېگەن قەيسەر ئادەملەر ؟!

— مۇشۇنداق ئىسسىقتا جاڭگالدا نېمە ئىش قىلغان ئادەملەر ئۇ؟ — دەپ سورايتتى موماي ئىلگىرى زەيكەش بويىغا قېتىق ئېلىپ كەلگەندە بوۋىيى بىلەن قومۇش سايىسىدا ئولتۇرۇپ ھېلىقىدەك گودۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ھەيران بولۇپ.

— ئۇلار تۈزچىلار، تۈزنى مۇشۇنداق ئىسسىقتا قازسا ئاندىن بەرىكەتلىك بولىدۇ. تۈز دېگەن ئاپتاپتا قۇرۇپ قاتىدۇ.

— ئىسسىققا قانداق چىدىغاندۇ ؟

— كۆنۈپ كېتىدۇ، ئاپتاپ دېگەن ئادەمگە پايدا قىلىدۇ، ئۈستىگە جۇۋا كىيىپ بېلىنى باغلىۋالسا ئاپتاپ ئۆتمەيدۇ.

مومايىنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە بوۋىيى كەلدى. بوۋىيى جاڭگالغا ماڭسا ئورما-تومۇز ئېكەنلىكىگە قارىماي ئۇچىسىغا كۆرەك جۇۋىنى، بېشىغا چەت-چۆرىسى قىرقىلغان سەرپۇش تۇماقنى كىيىۋالاتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئادەم قاتتىق ئىسسىقتا قېلىن كىيىنىۋالسا شۇنچە سالقىن، راھەتلىك تۇرغۇدەك. شۇڭا، بوۋاي قومۇش ئورىغاندا پۇتىغا ئۆتۈك، ئۇچىسىغا يوغان جۇۋىنى كىيىپ بەللىرىنى مەھكەم باغلىۋېلىپ نەشتەردەك ئۇچلۇق قومۇش كۆتەكلىرىنى غىرس-غىرس دەسسەگىنىچە قومۇشلۇق ئىچىگە بىمالال كىرىپ كېتىۋېرەتتى.

مومايىنىڭ بىردىنلا كۆڭلى ئاينىشقا باشلىدى. ئىسسىقتىنمۇ، ئاچلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر كۆڭلى ئاينىپ كۆزلىرى ئېلىشىپ كەتكەندەك. ئۇ پۇرۇلداپ تەرلەپ كەتكەن چېكىسىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا چىڭ بېسىپ سۈرتتى. كۆمۈشتەك ئاقارغان، تارالماي چىگىشلەشكەن چاچلىرى قورۇلۇپ پۈرلەشكەن چېكىسىگە، پېشانىسىغا چاپلىشىپ قالدى. كۆڭلى ئېلىشمۇ يامان بولۇپ كۆز ئالدىغا قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولدى.

مومايى ئۆزىنىڭ بۈگۈن ئاغزىغا دانچىلىك بىر نەرسە سالمىغانلىقىنى خىرە ئەسلىدى. ھە، بەلكىم تونۇگۈنمۇ يېمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ياكى گېلىغا بىر نەرسە يېمەي، ئۆرە تۇرغىنىغا نەچچە كۈنلەر بولۇپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ھېسابلاپ بېرەلمەيدۇ. قاچانلاردۇر بىر كۈنى غورا سېلىپ يوبدان ئەتكىنى، خومرىغا لىققىدە ئۇسۇپ ياغلىققا چىگىپ بىلەكىگە ئاسقان پېتى دىڭگوسلاپ يۈرۈپ مۇشۇ زەيكەشكە كەلگىنى، بوۋىيى قولىدىن تارتىپ، بېلىدىن يۆلەپ، قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ دېگەندەك دامبىغا ئېلىپ چىققە-

نى، ئاندىن تىكلەنگەن قومۇشنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ بوۋىيى بىلەن يوبداندىن تويغۇچە تەرلىنىپ ئىچكىنى ئېسىدە. ھەر قاچان ئۇ ئۆيدە يالغۇز بىر نەرسە يېيەلمەيدۇ. شۇڭا، نېمە تاپسا شۇنى خۇمرىغا ئېلىپ جاڭگال تامام چاپىدۇ. چاپىدۇ ئەمەس، ئۇچىدۇ! پەقەت زەيكەشنىڭ دامبىسىدىكى قومۇشنىڭ سايىسىدىلا ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلى تاماققا تارتىدۇ. بوۋىيى بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق گۇدۇڭشۇپ مۇڭداشقىنىچە بىللە قورساق توقلايدۇ. قورساق ئەمەس، كۆڭۈل توقلايدۇ!

كۈن تىك چوققىدا ئوت چېچىپ تۇراتتى. ئولتۇرۇۋېرىپ پۇتلىرى ئۇيۇشقان موماي ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلاپ قويدى. شۇ زامات موماينىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. مېڭىسىدىن كىرگەن قىزىق تاپىنىدىن چىققاندەك بولۇپ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى قىزىشقا، بوشىشىشقا باشلىدى. بەدەنلىرى بوشاشقانسېرى موماي يېنى يەر تارتقاندەك بولۇپ بىر خىل راھەتلىك تۇيغۇدا ئېزىلىپ، جەينىكى بىلەن يەر تايىنىپ يامپاشلاندى. مۇنداق راھەتلىنىپ بوشاشقان چاغلىرى ئۇنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. سىكىلەك ۋاقتىدا سۆيۈملۈك كىششىسى قاراڭغۇلاشقان سۆگەتنىڭ دالدىسىدا تۇنجى قېتىم توي تەلپى قويغاندا ئۇ مۇشۇنداق راھەتلىك سېزىم قۇچىقىدا بوشاشقان. ئاندىن سۆيۈملۈك ئادىمىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئاپتاپپەرەس ئېچىلغاندا تويى بولدى. نىكاھ ئوقۇلۇۋاتقاندا، ياشانغان ئىمامنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازدا قىرائەت قىلغان نىكاھ خۇتبىسىنى ئاڭلىغاندا ئىچ ـ ئىچىدىن قىستاپ كەلگەن بىر يىغا بىلەن پۈتۈن بەدىنى بوشاشقان. توي كېچىسى سۆيۈملۈك ئادىمىنىڭ قۇچىقىدا ئۇلۇغ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن ئەللەيلەنگەندە يەنە شۇنداق بوشىشىپ كەتكەن. كېيىنكى ئۆمرىدە ئۇ قىزىق يوبدان، ئوگرە، يۈرەككە تەگكۈدەك مۇزدەك قېتىقنى كۆتۈرۈپ دىڭگوسلاپ مېڭىپ زەيكەش بويىغا كەلگەندە تېنىدىن ئۆزى ئامراق تەر ھىدى كېلىپ تۇرغان بوۋىيىنىڭ كۈچىدىن قالمىغان بىر جۈپ بىلەكلىرى بىلەن قولتۇقلاپ، يېتىلەپ، يۆلەپ دېگەندەك دامبىغا ئېلىپ چىقىشلىرى، مېھرىبانلىق بىلەن يېقىن ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشلىرى، بەزىدە ياش چاغلىرىدىكىدەك شېتىلە چاقچاقلارنى قىلىپ قويۇشلىرى، تۇماقىنى كۆزىگە چۆكۈرۈپ يامپاشلىنىپ بېشىنى مومىسىنىڭ تىزىغا قويۇپ كىچىك بالىدەك پۇ-شۇلداپ تىنىپ ئۇخلاشلىرى ئۇنى ئاشۇنداق راھەتلىك بوشاشتۇراتتى.

ھەئە، موماي بارغانسېرى بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يامان بولۇپ، قەي قىلغۇسى كەلگەندەك بولۇپ كۆزلىرى ئېلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئېسىگە ياشلىقىدا توي قىلىپ نەچچە ئاي ئۆتكەندە مۇشۇنداق كۆڭلى يامان بولۇپ راھەتلىك بوشاشقىنى كەلدى.

«ــ مېنىڭ پەرىشتەم ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق مەلىكىدىن بىرنى تۇغىدىغان بولدى! ــ دېگەنىدى ئېرى ئۇنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا قەي قىلغىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ، سۇزۇككىنە مەڭزىدىن ھىدلاپ تۇرۇپ، ــ ئاپتاپپەرەس ئېچىلغاندا توي قىلدۇق، خۇدايىم بۇيرۇسا ئاپتاپپەرەس ئېچىلغاندا بالىمىز بولىدۇ!...»

ئېرىنىڭ نەپەس ئالغىلى قويماي مەھكەم قۇچاقلاشلىرى، تىنماي ھىدلاشلىرى، قانماي سۆيۈشلىرى ئۇنى شۇنچىلىك بوشاشتۇرغان ئىدىكى...

موماي خىيالدىن ئويغاندى، مەھەللە تەرەپتىن سۇس ئاڭلانغان ئەزان ئاۋازى ئۇنى سەگەكلەشتۈرگەن ئىدى. موماي چوققىسىدىلا ئېسىلىپ يەر ـ جاھانغا ئوت پۈركۈۋاتقان قۇياشنىڭ سەل سىڭايان بولغىنىدىن پېشىن ۋاقتى بولغىنىنى بىلدى. ئەمدى قايتىپ بېرىپ تاھارەت ئېلىپ پېشىن ئۆتىشى كېرەك. ئۇنىڭ يەنە بىر راھەتلىك بوشىشىدىغان ۋاقتى دەل شۇ! شۇ چاغدا ئۇ پۇتلىرىنى جۈپلەپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئالىقانلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەن سۆيۈملۈك ئادىمىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەڭ ئىزگۈ تىلەكلىرىنى تىلەپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ياش تۆكىدۇ. پۈتكۈل بەدىنى بوشىشىپ، ۋۇجۇدى شام بولۇپ ئېرىيدۇ. ھەممىنى ئۇنتۇپ سۆيۈملۈك ئادىمى بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدىغان بىر كۈننى ئويلايدۇ. ئويلىغانسېرى تېخىمۇ ئېزىلىپ، تېخىمۇ بوشىشىپ، تېخىمۇ راھەتلىنىدۇ...

موماي ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. ئەمدى بۇ يەردە يەنە ئولتۇرۇۋەرمەسلىك كېرەك. يەنە بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتسە پادىچىلار ماللىرىنى سۇغارغىلى زەيكەش بويىغا كېلىدۇ. ئۇلار موماينى بۇ ھالدا كۆرسە بولمايدۇ. ھەئە، سۆيۈملۈك بوۋىيى ئۆلۈپ كېتىپ، موماينىڭ ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك جاڭگالدا

تېنەپ يۈرگىنىنى كۆرسە رەھمەتلىك بوۋاينىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ! شۇڭا دەرھال ئۆيگە قايتىش كېرەك. تاھارەتنى كامىل ئېلىپ سىمابتەك ئېرىپ تۇرغان پاك قەلبى بىلەن ياراتقۇچىغا سېغىنىپ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ـــ مەرھۇم بوۋىيىغا سەككىز جەننەتتىن ئورۇن تىلىشى، ئۆزىنىڭمۇ قېرىلىقتا كۆپ خارلىق تارتماي تېزرەك ئامانەتنى بېرىپ مەرھۇمنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېلىشنى تىلىشى كېرەك!...

موماي قومۇشلۇققا تويماي قارىدى. ئۇنىڭ قومۇشلۇقتىن كېتىشكە كۆڭلى قىيالمايتتى. قومۇشلۇقنى تاشلاپ كېتىش خۇددى قومۇش ئورۇۋاتقان بوۋىينى يالغۇز تاشلاپ كەتكەنگە باراۋەر ئىدى.

موماي قومۇشلۇق ئارىسىدىن بوۋىيى ئورغاق تۇتقان پېتى چىقىپ كېلىدىغاندەك ئۈمىد، تاما بىلەن قارىدى. قاراۋېتىپ غېرىبسىنغان كۆڭلى ئېزىلىشكە باشلىدى. قومۇشلۇقتىن كەتسىلا بوۋىينى تاپالمايدىغاندەك ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن مەڭزىدىكى تارام ـ تارام كۆز يېشىنى سۈرتتى. بىراق، كۆز ياشلىرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بارماقلىرىغا يۇقمىدى. ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك ئىسسىپ، خېمىردەك بوشىشىپ ھۆمۈدەپ كەتتى. ئاۋۋال ئاقساق پۇتى، ئاندىن يەنە بىر پاچىقى قوشۇلۇپ لاغىلداپ تىترىدى. قانداقتۇر ئۆزىنىڭ تىنىقلىرىدىن ئوت چىقىۋاتقاندەك سەزدى.

پۈتۈن بەدىنى خېمىردەك يۇمشاپ كەتكەن موماي ئۆزىنى قايتا يەرگە تاشلىدى. ئۇنىڭ يېنى يەر تارتىپلا تۇراتتى. ئۆزىنى خۇددى يەرگە چاپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك سەزگەن مومايىنىڭ بېشىمۇ يەرگە قويغىسى كەلدى. ئۇ بېشىنى يەرگە قويغاندا سەل ئارام تاپقاندەك بولۇپ ئەزايى ـ بەدىنى تېخىمۇ راھەت ھېس قىلدى.

موماي ئالقانلىرىنى چىڭ جۈپلەپ ئوڭ مەڭزىگە قويدى. ئاندىن يۈرەك قېتىدىن چىقىرىپ چوڭقۇر بىر «ئۇھ!» دەۋالدى. «ئۇھ!» بىلەن تەڭ شېرىن بىر سېزىم يۈرەك بېغىشلىرىدىن پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارقىلىۋاتقاندەك بولدى. راھەتلىك سېزىمدىن تالغان كۆزلىرى سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان تاتلىق ئۇيقۇدىن يۇمۇلۇپلا كېتىۋاتقان موماي تۇيۇقسىز كۆزىگە بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك بولۇپ كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى.

ـــ ئاپتاپپەرەس!؟...

موماي خاتا كۆرمىگەنىدى. دامبىغا يېقىن كاندۇكنىڭ قىرىدا بىر تۈپ ئاپتاپپەرەس مونكى يېڭىلا غۇنچىلاپ، كۈنگەيگە قاراپ ئېگىشىپ تۇراتتى. بىر نەچچە تال ھەسەل ھەرىسى ئەمدىلەتىن كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىنىڭ كۆز قىسىپ تۇرغان ئالتۇن نۇرىغا پەرۋاندەك بوي ئۇراتتى.

«ئاپتاپپەرەس ئېچىلغۇدەك! ھەئە، مانا ئاپتاپپەرەسمۇ ئېچىلغۇدەك...ـــ بىردىنلا كاللىسى سەگەكلەشكەن مومايىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. يەنە تۇرۇپلا يەرگە چاپلىشىپ كېتىۋاتقان بېشىنى جۈپلەنگەن ئالقانلىرىغا مەھكەم چاپلىغىنىچە ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى، ـــ مانا ئەمدى ئاپتاپپەرەس ئېچىلغۇدەك...ئاۋۇ ئادەم خۇش بولۇپ كېتىدىغان بولدى! ھەئە، ئۇ ئاپتاپپەرەس ئېچىلسا خۇش بولاتتى ئەمەسمۇ... ئىھ! جىندەك يېتىۋالاي، ئاڭغىچە ئاۋۇ ئادەممۇ كېلىپ قالار! ئاپتاپپەرەس ئېچىلغىنىنى كۆرە!...»

2015 ـ يىل، سەھرايى ئەرمۇدۇن.

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا، دېھقان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991




مەن ئايال،
ئەنگلىيەلىك ئايالدەك،
گېرمانىيەلىك ئايالدەك،
ياپونىيەلىك ئايالدەك.
بەدەن تۈزۈلۈشۈم پەرقلەنمەيدۇ،
ئامېرىكىلىق ئايالدىن،
زۇڭتۇڭنىڭ خانىشىدىن...
سەنەمدىن، ئامانىنسادىن، لەيلىدىن...
مەن ئايال،
زىلۋا ئۆسكەن سەرۋىدەك.
مەلىكىدەك، پەرىدەك.
مەن ئايال،
رومانتىك فىرانسىيەلىك ئايالدەك،
لېكىن تېنىمدىن تارالماس،
فىرانسىيە ئەترىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى،
بەلكىم چېچىمغا سىڭىپ كەتكەندۇ،
مەن ئەتكەن پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى...
بەلكىم چاچلىرىم ئۇنىڭدەك تال ـ تال ئەمەس،
لېكىن ئوخشىتىپ ئېتىمەن چاچتەك لەڭمەننى.
ئۇنىڭغا سىڭدۈرىمەن
چېچىمدىنمۇ ئۇزۇن مۇھەببەتنى
ۋە ياكى ھەسرەتنى...
ئۆزگىلەر قەھۋەنى ئېسىل دەيدىكەن،
قەھۋەنى ئۆزىچە ھايات دەيدىكەن.
لېكىن مەن قەھۋە ئەمەس،
مەن ئۆزۈم كۈندە ئېتىدىغان،
تۇز-تەمى تېتىغان قايماق چاي،
خەقلەر ھەر كۈنى ئىچىدىغان،
لېكىن گېپىنى قىلىشمايدىغان،
نەرقىنىمۇ سورىمايدىغان...
مەن بولكا ئەمەس،
تېشى كۆركەم ئىچى كاۋاك،
مەن قۇياش نان،
ھەر كۈنى يېسىمۇ زېرىكمەيدىغان،
باھاسى ئاسانلىقچە ئۆرلىمەيدىغان.
بىرەر ئابرۇي ئورۇننى كۆزلىمەيدىغان.
مەن ئۇنچىلا ھەۋەس قىلمايمەن...
كىنولاردىكى ۋە ھېيت-بايراملاردىكى،

ئەرلىرى گۈل بېرىپ تۇرىدىغان ئاياللارغا،
چۈنكى مېنىڭ قولۇم گۈل،
ئۆيۈم گۈل، هويلام گۈل،
قازان-قومۇش چويلام گۈل
گۈلۈمنى بېرىپ تۇرىمەن گاهدا،
گۈل ئۈنمىگەن باهارلارغا...
چۆل-دەشتلەرگە-سايلارغا.
مەن هەۋەس قىلمايمەن،
ئېرىدىن ماشىنا ئالىدىغان،
ياپونىيەلىك ئايالغا،
چۈنكى مەن ئۆزۈم هەقنى هالال تاپىمەن،
گېزى كەلگەندە بىر ئۆينىمۇ باقىمەن،
هالال ياشاپ پاك ياشاپ،
ئىگىسىنىڭ ئالدىغا مەغرۇر بارىمەن...
مەن هەسەت قىلمايمەن،
تاماق ئەتمىسىمۇ بولىدىغان، كىتاب يازىدىغان
گوللاندىيەلىك ئايالغا،
مەن كىتابنى يۈرىكىمدە يازىمەن،
كىتاب يازىدىغان قولۇم خېمىردا،
ئارزۇلىرىم، ئارمانلىرىم يالقۇنجايدۇ،
يۈرەكىنىڭ چوغقۇر قېتىدا...
مەن چوڭ بىلمەيمەن نازىنىلارنى،
چۈنكى مېنىڭ قەلبىم ئۇلاردىن ئوتلۇق،
ئىلھاملىرىم دېڭىزدىن دولقۇنلۇق،
مىسرالىرىم هارارەتلىك يالقۇنلۇق.
پەقەت باسالمىغاندا،
ئېرىمدىن يوشۇرۇنچە يېزىۋالىمەن،
ئېرىم كىرسە ئاستا تىقىۋالىمەن،
ياكى قازان بېشىغا ئۆتتۈۋالىمەن،
ئوقۇپ بېرىمەن ئايغا، يۇلتۇزلارغا،
قۇشلارغا، قومۇشلارغا،
ئۇلار شۇنداق هۇزۇرلىنىدۇ،
ئېرىم پۇتبول مۇسابىقىسىدىن هۇزۇرلانغاندەك...
مەن ئۇيغۇر ئايال،
مەن خوتەنلىك ئايال،
ئېرىم بىلەن ئېتىزدا كەچكىچە ئىشلەپ هارمايدىغان،
بولمىسام ئۆيدە بىرەر ۋاق قازان قاينىمايدىغان.
مەن غۇلجىلىق ئايال،
ئېرىمنىڭ ياقىسىدىكى چاڭنى سۈمۈرۈۋالىدىغان.
ئۇ ئەمگەك قىلمىسىمۇ،
ئەتىگىنى ئۆزىتىپ كەچتە چىرايلىق كۈتۈۋالىدىغان.
مەن ئاتۇشلۇق ئايال،
هەر ئېغىر يۈكلەرنى،
ئېرىمغا بەرمەي كۆتۈرۈۋالىدىغان.
مەن ئۇيغۇر ئايال،
ئېرىم كۆڭلەپ قالغان سايەمگىمۇ،
ئىككىنچى قارىمايدىغان،
ماڭا باقماي كۆڭگە باقتى دەپ دوق قىلسا،
گۈللىرىمۇ ئىككىنچى ئاينىمايدىغان.
مەن ئۇيغۇر ئايال،
ئەڭ قىممەتلىك غۇرۇرىمنى،
بېغىشلىغان باللىرىمغا.
يۈرىكىمنىڭ پارىلىرىغا.
كۆكسى قارىنىم تەكلىماكاندەك،
يۇتتۇۋېتىمەن تاغدەك غەملەرنى،
مەن ئۇيغۇر ئايال،
كۆتۈرۈشچان كۆيۈمچان،
سەۋرچان، رەهىمدىل،
شاپائەتچان، قانائەتچان.
مەن ئۇيغۇر ئايال،
بىر ئەرنى قىرىق يىل سۆيىدىغان،
بىر ئوتتا قىرىق يىل كۆيىدىغان،
هەممىگە ئۈنتىنسىز كۆنىدىغان.
مەن ئۇيغۇر ئايال،
تۆمۈر ئايال ئەمەس،
مەنمۇ چارچايمەن،
ئۆپرايمەن،
مۇزلايمەن.
قىش ئۆزىراپ كەتسە،
باهارغا تەلمۈرىمەن،
ئىللىق مارت شاملىغا،
تەلپۈنىمەن يەنە تەلپۈنىمەن...

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، تىلشۇناس-
لىق پەنلىرى دوكتورى



ئابلىكىم تۇرسۇن

# ئەدەبىياتنىڭ «قاسىرىقى»

ھەر ئىشىنىڭ ئوتتۇرا ھالى ياخشىدۇر.

— «ھەدىس شەرىف»تىن

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانىدا تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماسنىڭ «پەيغەمبەر ۋە شائىر» دېگەن ماۋزۇدىكى بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكىنىم، مۇھىم دەپ قارىغان نۇرغۇن سۆز - جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ يادلاپ يۈرگىنىم ئېسىمدە. شۇ دەۋرلەرنى شۇنداق قىزغىنلىق قاپلىۋالغانمۇ ياكى مەندەك ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن شۇ مەزگىللەردىكى ئىدىيەۋى - پىكىرلەر، شېئىر ھەققىدىكى قاراشلار، بۇ خىل سېلىشتۇرمىلار ۋە باھالار قالتىس تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ، ئۇ كۈنى بۇ ماقالىنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىققىنىم، خاتىرە قالدۇرۇپ پىكىر قىلىپ كەتكىنىم، ھەممە شۇ كۈنى كەچتە مەن تونۇيدىغان بىر شائىرنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ، ئۆزۈمنى ھەممىنى بىلىدىغان دانىشمەندەك ھېس قىلىپ كەتكىنىم ئېنىق يادىمدا. ئەتىسىدىن باشلاپ مەھەللىمىزدىكى شېئىر يازمايدىغان، شېئىر ئوقۇمايدىغان ئادەملەر كۆزۈمگە شۇنداق سەت كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ نامراتلىق ۋە باشقا بارلىق ئاۋارىچىلىك، دېشۋارچىلىقلىرىنى ئۇلارغا ھەق، كىم ئۇلارنى شېئىر ئوقۇمىسۇن، روھىنى پاكلىمىسۇن، ئەقىل - ئىدراك بىلەن ياشىماي مەنىسىز گەپلەرنى قىلىپ يۈرسۇن، «دۇنيا، مەنە، ھەقىقەت، ئەخلاق ۋە بەخت» ھەققىدە سۆزلەشمەي، تاماق يېدىڭمۇ، نەگە ماڭدىڭ... دېگەندەك پاختەك تۈكى مەسىلىلەرنى ئويلىسۇن، دۇنيانىڭ چوڭ مەسىلىلىرىنى ئويلىماي كىچىك ئىشلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزسۇن دەپتىكەن، دەپ قارىغانىدىم. ئاشۇ مەزگىللەردە كۆپرەك كىتاب ئوقۇغۇنۇم تۈپەيلىدىنمىكىن، ئۆزۈمنى دائىم باشقىلارغا ئوخشىمايدىغاندەك، ئاجايىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم كېرەكتەك، ئۆزگىچە گەپلەرنى قىلىشىم زۆرۈردەك، ئاددىيلىق بىر خىل مەنىسىز ۋە نومۇسلۇقتەك ھېس قىلاتتىم. مۇرەككەپ ۋە غەلىتە پىكىرلەرنى، پاساھەتلىك تىل ئىبارىلىرىنى قوغلىشاتتىم، تۇرمۇشتىن ھەددىدىن ئارتۇق مۇكەممەللىك ۋە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلاتتىم. تېخى رەسىمنى ئەڭ مۇرەككەپ سەنئەت دەپ قاراپ، ۋۇجۇدۇمدا ئازراقمۇ رەسىم گېنى بولمىسىمۇ، رەسىم توپلاملىرىدىكى ماي بوياق رەسىملەرگە بىر خىل ئالاھىدە قىزغىنلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ كېتەتتىم. تېخى بىر قانچە رەسسام دوستىمۇ تۇتقانىدىم. كىتاب - ژۇرناللاردىكى پەيلاسوپلارنىڭ گەپلىرىنى

ئاسپىرانتلار ئاۋازى

ئۇچرىتىپ قالسام، چۈشىنەلمەي قىلىشتىن ئەنسىرەپ
يۈرىكىم سىلىپ كېتەتتى. بالدۇرراق «ئارىپ» (پەلسە-
پەدىكى ئويغانغۇچى، ئۆز پىكرى ۋە خاس دۇنيا قارد-
شى شەكىللىنىش هالىتى)لىق مۇقامىغا يېتىش ئۈچۈن تە-
قەززا بولاتتىم. بىر قېتىم داڭلىق بىر پەيلاسوپنىڭ
«نەرسىلەر قانچە مۇهىم بولسا، شۇنچە ئاۋارىچىلىك ۋە
ۋەهىمىلىك بولىدۇ» دېگەن گېپىنى تېگى - تەكتىدىن
چۈشىنەلمەي، بېشىم قېتىپ، بىر قانچە كۈن دادام، ئا-
نامغىمۇ هوميىپ يۈرگەنلىكىم هازىرمۇ يادىمدا. ئەدە-
بىي كىتابلارنى ئوقۇمايدىغانلار ماڭا شۇنداق نادان،
دۆت ۋە كالۋا، هاياتنى قىلچىلىك چۈشەنمەيدىغاندەك
بىلىنەتتى. مەنچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ هاياتى ۋە ئۆلۈمە-
مۇ مەنىسىز ۋە ئەهمىيەتسىز ئىدى. بەزىدە هەتتاكى
ئۆيدە دائىم دۇنيا تارىخىدىن سۆزلەپ ئولتۇرىدىغان
دادام، هەر قانداق مۇزىكىنى قولىغا ئالسىلا بىر ئامال
قىلىپ پەدىسىگە كەلتۈرەلەيدىغان مۇزىكانت ئانامMۇ
ماڭا ئەدەبىيات ۋە شېئىر بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا
نادان، بۇ دۇنيانى چۈشەنمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى.
بارلىق ئىشتىن هاياجانلىناتتىم، ۋەسۋەسىگە چۆكەتتىم.
كوچىلاردا ياكى مەهەللىدە بىر، ئىككى تىلەمچى ساهىلە-
نى ئۇچراتسام، ئازاب - ئوقۇبەت تارتقان بىرەر نامرات
جاپاكەشنى كۆرسەم ياكى نىرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان
بىرەر روهىي كېسەلنى كۆرۈپ قالسام، نېمە ئۈچۈن؟
هايات زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ دۇنيا نې-
مىدېگەن رەهىمسىز دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كاللامغا
كىرىۋېلىپ بىر قانچە كۈن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.
ئۇلارنى كۆرۈپمۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلماي، يەنىلا باشقا
بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەردىن شۇنداق
نەپرەتلىنەتتىم، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى ئەدەبىيات ئەندد-
زىسىگە سېلىپ ئويلاپ چىقاتتىم. كىتاب ماتېرىياللىردد-
كى سارائلار بىلەن پەيلاسوپلارنى باغلاپ ئىزاهلايدد-
غان ئوقۇم - ئاتالغۇلار ۋە سېلىشتۇرمىلار سەۋەبىدىن،
ئۆز - ئۆزىنى تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان سارائلارغد-
مۇ باشقىچە خىيالىم بار ئىدى. ئۇلارنى ئۆزۈمچە
روهىي ئانالىز قىلىپ، ئۆزۈم ئانچە - مۇنچە بىلىدىغان
پسىخىكىلىق قائىدىلەرگە سېلىپ تەهلىل قىلىپ
كېتەتتىم.

ئەخلاق ئوقۇملىرى ماڭا ئاتا - ئانامدىنمۇ بۈيۈك
بىلىنەتتى. مۇهەببەتلىشىۋاتقانلارنى كۆرسەم، كوچا -
كويلاردا بەكرەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ ماڭغان قىز - ئايال-
لارنى، سېغىز چايناپ ماڭغان چوڭ ئاياللارنى ئۇچرات-
سام ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن نومۇس قىلىپ كېتەتتىم.
يولدا هاراق ئىچىپ دەلدەڭشىپ يۈرگەن ئەرلەرنى
كۆرسەم چېچىم تىك تۇرۇپ، بىر قانچە كۈنگىچە
كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. هەمىشە مەن ئوقۇغان كىتابلار-
دىكى ئاشۇ ئالىيجاناب، ئاق كۆڭۈل، مېهرىبان ۋە
مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرنى، شۇ كىتابلاردىكى شەرم -
هايالىق قىزلارنى، باتۇر ئەركەكلەرنى، ئەزىمەت قەه-
رىمانلارنى رېئال تۇرمۇشتا، مەهەللىلەردە، كوچا -
كويلاردا ئۇچرىتالماي قىينىلىپ قاتتىق ئازابلىناتتىم.
بەك ئازابلىنىپ كەتكەن چاغلىرىمدا، بەزى كىتاب ماتې-
رىياللاردا ئاندا - ساندا «مەن بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتى-
مەن، بىز بىر نەرسىنى ئىزدىشىمىز كېرەك، ئىنسان ها-
ياتىدا مەلۇم نەرسىنى ئىزدەيدۇ» دېگەندەك مەزمۇندد-
كى جۈملىلەرنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالسام، باشقىلار-
مۇ مەن ئىزدىگەن نەرسىنى ئىزدەۋېتىپتۇ، بىز ئوخشاش-
كەنمىز دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، يەنە كىتاب
دۇنياسىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتەتتىم.

ئەدەبىياتنىڭ رولى ۋە ئەهمىيىتى هەققىدىكى
گەپلەر، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۇلۇغلۇقى، خاسىيىتى،
ئەدىب ۋە پەيلاسوپلارنىڭ مەنىسى ۋە ئەهمىيىتى توغ-
رىسىدىكى ئىبارىلەر ماڭا هاياتلىق كۈچىدەك سىرلىق
ۋە موقەددەس بىلىنىپ، روهىمغا تېخىمۇ كۈچ بەخش
ئېتەتتى. «يازغۇچى دەۋرنىڭ ۋىجدانى»، «ئەدەبىيات
دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ» دېگەندەك پاساهەتلىك ئىبا-
رىلەر ماڭا ئاجايىپ كۈچ بېغىشلايتتى. بۇنداق پىكىر-
لەرنىڭ باشقا شەكىلدىكى ۋارىيانتلىرىنى ئۇچراتقان چې-
غىمدا، ئېگىزرەك يەرلەرگە چىقىپ، پۈتۈن ئەتراپقا بىر
خىل ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى بىلەن قاراپ چىقاتتىم.
بۇنداق گەپلەرنى مەندىن باشقا ئادەملەر چۈشەنمەيدد-
غاندەك، چۈشەنسىمۇ مەندەك چوڭقۇر هېس قىلالماي-
دىغاندەك ۋە ئۇنداق كۆپ ئادەملەرگە بۇنداق ياشاش
پۇرسىتى كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئىچىمدە ماڭا مۇ-
شۇنداق بىر خىل ئويغىنىشنى، ئەقلىي سەزگۈرلۈكنى
ۋە تەپەككۇرنى ئەدەبىيات بەردى، ئەدەبىيات ئارقىلىق
مەن نادانلىقتىن ۋە ئادەتتىكى ئادەم بولۇشتىن قۇتۇ-
لۇپ چىقتىم دەپ قاراپ، ئۆز - ئۆزۈمچە سۆيۈنۈپ كې-
تەتتىم. گەرچە بۇ خىل تۇيغۇنى خاتا دېگىلى بولمىسد-

مۇ، لېكىن بۇ خىل تۇيغۇ ۋە پىكىرگە رېئاللىقتىن ۋە باشقىلاردىن ياتلىشىش ۋە باشقا ئادەملەرنى پوزىتسىيە جەھەتتە يەكلەش، ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ھەرقايسى نۇقتىدىن باھالاش كۈچىنىڭ كەملەپ كېتىشىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلەلمىگەنىدىم. راست گەپ قىلغاندا، بۇنداق قاراشلار سىزنى ھاياتنىڭ ئەسلىي رەڭگىدىن ۋە ھالىتىدىن سەل يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىگەن. كېيىن كىتاب - ماتېرىياللاردىكى ۋە گېزىت- ژۇرناللاردا سەركە زىيالىيلارنىڭ مەن پىكىر ئوبيېكتى قىلىۋالغان كىشىلەرنى بىيولوگىيەلىك جانلىق سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، مىسال ئېلىشلىرى، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھاياتلىققا مەنە بېرىشكە ئۇرۇنۇشلىرى، تۇرمۇشتىكى ۋە ھاياتلىقتىكى ئەقەللىي كەمتۈكلۈك ۋە كەمچىلىكلەرنىمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت پىكرى ۋە مەدەنىيەت مۇلاھىزىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ بايان قىلىشى مېنى تېخىمۇ رادىكاللاشتۇرۇۋەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاجايىپ ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلمىسام دۇنيا مېنى مەسخىرە قىلىدىغاندەك، دۇنيادىكى بىر قۇتقازغۇچى زات يوقاپ كېتىپ، بىر مەنىسىزلىك مەيدانغا كېلىدىغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئائىلۇۋى ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىم، كۈچلۈك دىداكتىكا ئاتموسفېراسى ۋە ئەدەبىياتنىڭ سايىسىنىڭ بىرلىشىپ مېنى قامال قىلىشى مېنىڭ روھىي دۇنيارىمدىكى ھاياتلىق قەلئەسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، مېنى كىشىلەر توپىدىن ئايرىپ، بىر روھىي ئارالغا ئەكىرىپ قويدى. قۇتقۇزۇش ۋە قىزغىنلىق مېنىڭ قۇياشىم ئىدى. مەن ئەدەبىياتنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ، خىيالىمدا رېئال تۇرمۇشتىكى ئاشۇ مەسئۇلىيەتسىز، نادان، ھاياتنى ۋە مىللەتنى سۆيمەيدىغان، مۇكەممەللىككە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان، ماڭا نىسبەتەن بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك تۇيۇلىدىغان كىشىلەرنى باھالىدىم، سوتقا تارتتىم، تەنقىدلىدىم، ئەيىبلەپ چىقتىم. كەڭرەك مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارغا خىيالىي ھۆكۈمرانلىق قىلدىم. ئەدەبىيات مېنى ئۆز سايىسىگە ئالدى. باشقىلارغا ئۇقتۇرماي ماڭا ئاجايىپ زور بىر مەسئۇلىيەتنى تاڭدى. ماڭا بىر ئىستىقامەت سۈپىسى ھازىرلاپ بەردى.

بۇنداق غايىۋى قىزغىنلىقلارنىڭ، «ئارىفلىق كېسەلى»نىڭ، قەلبىمدىكى سەنئەت ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قاچان يوقاپ، رېئاللىشىپ كەتكەنلىكىنى كونكرېت ھالدا مۇنداق سەۋەبتىن ۋە مۇنداق ۋاقىتتا بولغان، دەپ كېسىپ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، يېشىم 20گە بارماي تۇرۇپلا، ماڭا رېئال تۇرمۇش قوينىغا قايتىپ كېلىش پۇرسىتى تېز كەلدى، بۇنداق تېز قايتىپ كېلىش بەلكىم مېنىڭ بەكلا رادىكاللىشىپ كەتكەنلىكىمدىن، ئۆزۈمنى بەكلا قامال قىلىۋالغىنىمدىن بولسا كېرەك. (مېنىڭچە، نۇرغۇن ئەدىبلەر، ئەدەبىيات ئاشىنىلىرى تېخى قايتىپ كەلمىدى) نەتىجىدە باشقا بىر شەكىلدە ياشاپ قالدىم. كىتاب ئوقۇمايدىغان بىكار تەلەپلەر بىلەن ئاپتاپ سۇندۇم، شېئىر ئوقۇمايدىغانلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېدىم، ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىي دەپ قارالغان كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غەيۋەت - شىكايەت قىلدىم، ناكەسلەر ۋە ھىيلىگەرلەر بىلەن رەسمىگە چۈشتۈم. مەن بۇرۇن نەپرەتلىنىدىغانلارنىڭ، مېنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمىمگە چۈشمەيدىغانلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاپ باقتىم. نەتىجىدە، ۋاپا ۋە ساداقەت قوينىدىكىلەرنىڭ كۆزىدىكى شەھۋەت ئۇچقۇنلىرىنى، شەرمى - ھاياسىزلارنىڭ قەلبىدىكى گۇناھ ۋە ئازاب تۇيغۇلىرىنى، قەھرىمانلارنىڭ پۇرسەت ۋە ئامەتلىرىنى، ناكەس قورقۇنچاقلارنىڭ ئامالسىزلىقلىرىنى ۋە باشقىلار ئۇقمىغان باتۇرلۇقلىرىنى، نازىنىن - پەرىلەرنىڭ شاللاقلىقىنى، ئاتالمىش كاتتىلارنىڭ تۇترۇقسىزلىقىنى غىل - پال ھېس قىلىپ قالدىم. بەزى ساخاۋەتچىلەرنىڭ ھىممەتلىك تامىقىغا، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ مەنىسىزلىكىگە ۋە تۇترۇقسىزلىقىغا، بەزى ساخاۋەتچى ۋە شاپائەتچىلەرنىڭ ئالىكۆڭۈللىكىگە شاھىت بولۇپ قالدىم. ياخشىلىق ھەققىدە گەپ ساتىدىغانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى مەنىنى، سۈكۈت ئىچىدىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى كۆرۈنمەس باتۇرلۇقىنى، غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ جىسمىدىكى بوشلۇقنى كۆردۈم. ھاياتتا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، شەھۋەت ۋە مۇھەببەت، رەزىللىك ۋە گۈزەللىكنىڭ، ھەق ۋە ناھەقنىڭ شۇنداق زىچ گىرەلىشىپ كەتكىنىنى، بۇنداق ئۇقۇملارنىڭ چەك - چېگراسىنى ئايرىش ھوقۇقىنىڭ بىز ئىنسانلارغا بېرىلمىگەنلىكىنى، پەقەت ئەقەللىيلىك ئاساسىدىكى ھاياتلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ بىزگە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى، بىزنىڭ قانچىلىك ئادەم، قانداق پىكىر ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى مەخلۇق بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ھاياتلىقنىڭ ھەممىمىزنى ئاجايىپ بىر روھىي قېلىپ-

قا مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ھەممەيلەننىڭ شۇنچىلىك دەرد-
جىدە ئوخشايدىغانلىقىمىزنى، بىر پەيلاسوپنىڭ ئاددىي
بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىن يەكۈن چىقىرىش ئەركىنلى-
كى بولغان بىلەن، ئۇنىڭ ھاياتنى باھالاپ ياخشى
يامان، مەنىسىز ۋە مەنىلىك دەپ ئايرىش ھوقۇقىنىڭ
يوقلۇقىنى چوڭقۇر چۈشەندىم. بىزدىكى ئەدەبىياتنىڭ
گەرچە رېئال تۇرمۇشنى ئىپادىلەش دېگەننى بىكار
تۇرماي جار سالسىمۇ، لېكىن بارلىق كىشىلەرنى
ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھالقىپ كەتكەن مۇكەممەللىك
ۋە ئالىيجانابلىق ئۈستىكىگە باشلاپ، بىر توپ نەسىھەت-
چىلەر توپى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ پىكرى
بىلەن رېئاللىقى جىپسىلاشمايدىغان قىلىپ قويىدىغانلىق-
نى، بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قات - قېتىدىن چۈشى-
نەلمەيدىغانلىقىنى غىل - پال تونۇپ يەتتىم. ئىدىيە - پى-
كىرلەرنىڭ ئىنسان ھاياتىدىن ئۈستۈن تۇرمايدىغانلىق-
نى، ھەرقانداق نەرسىگە بولغان قىزغىنلىق، مېھىر مۇ-
ھەببەت ۋە ھاجەتمەنلىكنىڭ چەكتىن ئېشىشىنىڭ ئادەم-
نى ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىلاھىي مەنىسىدىن ئاجرى-
تىپ تاشلايدىغانلىقىنى، ھاياتنى بىر خىل ۋەھىملىك ۋە
بىسمىلىق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. كې-
يىنچە، پەيلاسوپلارنىڭ ئۆزئۆندىلىرىنى ئوقۇپ كۆڭۈلگە
قويىدىغان، شېئىرلاردىن پەقەت ھوزۇرلىنىدىغان، لېكىن
كۈچ ۋە ھاياجان تەلەپ قىلمايدىغان بولدۇم. كوچىدا
جەڭگىدە ساتقۇچى بىر بوۋاينىڭ ھاياتىدىكى كارتىنا
بىلەن بىر كىنو چولپىنىنىڭ ھاياتىدىكى مەنە ۋە ئېچكى
كۈچ، بىردەكلىك ۋە پەرق ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى
يوشۇرۇن سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا، مەن رېئاللاشتىم،
مېنىڭ ئېڭىمدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت چۈشەنچىلىرى،
پەلسەپەۋى پىكىرلەر، ئەخلاق ھېسلىرى، دىنىي ئۇقۇم-
لار ۋە ھاياتلىق ئۆلچەملىرى رېئاللاشتى. ماڭا ئۇنچە
قورقۇنچ ۋە بېسىم ئېلىپ كەلمەيدىغان، مېنى بەھۇدە
ئازابلىمايدىغان بولدى. ھاياتلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئويلى-
غىنىدىن ۋە خىيالدىن ئەمەس، بەلكى قىلغىنىدىن، ئەمەل-
گە ئاشۇرغىنىدىن، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن مەزمۇن
تەلەپ قىلىدىغانلىقىنىڭ مەنىسىنى تېگى - تەكتىدىن چۈ-
شىنىپ يەتتىم. دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ئاجىزلارنىڭ
بولىدىغانلىقىنى، ھاياتنىڭ ئىنسانلارنى قاللايدىغان
ئىشلارغا بۇيرىيدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. ھېس-
لىرىم ئەدەبىياتنىڭ سايىسىدىن ۋە قېلىپىدىن چىقىپ،
چۆل - جەزىرىلەرنى كەزدى، دېڭىز ئوكيانلاردا
ئۈزدى، ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىدە ئۇيۇقتا يېقىنلاشتى،
تۈيغۇلىرىم ئەدەبىياتنى سۆيۈشتىن ئادەملەرنى ۋە ھا-
ياتلىقنى سوغۇققانلىق بىلەن سۆيۈشكە، نامراتلىق ھەق-
قىدىكى بايانلارنى ۋە پىكىرلەرنى سۆيۈشتىن نامراتلار-
نى سۆيۈشكە، قىزلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارنى سۆ-
يۈشتىن، قىزلارنى سۆيۈشكە قاراپ ماڭدى. تۆت تام
ئىچىدە سۆيگۈ ھەققىدە شېئىر يېزىپ ئولتۇرماي، مېنى
ۋەسۋەسىگە سالغان شۇ قىزنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ
بېقىش، ئۇنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنى بىللە تارتىشىپ
بېرىش ئۆيى، نامراتلار توغرىسىدا بىكار تۇرماي نەسر
يېزىۋەرمەي، بىرەر رەڭلىك قەغەز ئاقچىغا چىداپ، بىر
خالتا ئۇن سېتىۋېلىپ، مەھەللىمىزدىكى ئايشەمخان مو-
مايغا ئاپىرىپ بېرىش خىيالى پەيدا بولدى ۋە رېئاللىققا
ئايلاندى.

مەن ئويلايمەن، بەلكىم مەندىلا مۇنداق روھىي
ئۆزگىرىش جەريانى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، چوقۇم
كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغان ياكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئې-
دېئولوگىيەسىدە سەزگۈررەك چوڭ بولغانلار مېنىڭچە
چوقۇم مۇشۇ جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ بولدى،
باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ ياكى باشتىن كەچۈرىدۇ. بەزىلەر
بۇ قېلىپتىن چىقالايدۇ، بەزىلەر بۇ سايىدىن چىقالمايدۇ.
بىزدىكى بۇنداق ئەدەبىياتنىڭ سايىسىدىكى نوپۇسلار
ۋە مورتلار، ئەدەبىيات ئارقىلىق دۇنيادىن ئايرىلىپ
كەتكەنلەر، ئەدەبىيات ئارقىلىق ئۆزىنى ئىسپاتلاپ
دۇنيانى ئۆزگەرتىپ بولالمايۋاتقانلار باشقا قوۋملارنىڭ-
كىدىن كۆپ. ھازىرمۇ قەدەممە بىر. رېئاللىقتا، كىشى-
لىك تۇرمۇشتا، كىتاب - ژۇرناللاردا، ماگىزىن ۋە كوچا
ئاپتوبۇسلىرىدا بۇنداق ئادەملەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇ-
رىمەن. ئۇلارنىڭ ھاياتلىق شەكلى ۋە ئۆز ماھىيىتىدىن
ھالقىپ كەتكەن بىر خىل ئەدەبىيات قىزغىنلىقى مېنى
سۆيۈندۈرۈش ۋە ھەسەت قوزغاش بىلەن بىللە، مېنى
تەگسىز خىيالغا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەلگىلىك
تۆھپىسى بىلەن جەمئىيەتكە ئۆزىنى ئىسپاتلاپ بولغان-
لارمۇ بار، بارلىق نەرسىلەردىن مەسئۇلىيەت تەلەپ قى-
لىۋاتقان، ھەممە نەرسىگە ئاجايىپ بىر خىل نەزەر
بىلەن چەكچىيىپ ياشاۋاتقانلار، بۇ خىل روھىي مۇساپە-
نى بېسىپ بولۇپ رېئاللىشىپ كەتكەنلەرمۇ بار. لېكىن
نۇرغۇنلىرى يەنىلا ئاشۇ ئۆزىنىڭ روھىي ئارىلىدا ئىس-

تىقامەتتە ئولتۇرۇۋاتقانلار، ھاياتتىن توختىماي ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن ھالقىپ كېتىدىغان بىر مەنە تەلەپ قىلىۋاتقانلار، ئادالەت، مەسئۇلىيەت، ھەقىقەت ھەققىدە توختىماي ۋاقىرىۋاتقانلار، بۇلارغا بىر ئۆلچەم بېكىتىش قىزغىنلىقىنى بىر خىل ئېتىقاد چېگراسىغا ئاپىرىپ قويغانلار.

كىچىكىمدىكى «شائىر ۋە پەيغەمبەر» توغرىسىدىكى ئاشۇ ماقالىنى يېقىندا تېپىپ قايتىدىن ئوقۇپ چىقتىم. ھازىرقى يېشىم، روھىي تەجرىبەم ۋە ھالىتىم بىلەن نەزەر سېلىپ، قايتا باھالاپ باقتىم. بۇ ماقالىدە پەيغەمبەر بىلەن شائىر ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سېلىشتۇرۇلغان، شۇنداقلا بۇ خىل شەكىلدىكى سېلىشتۇرۇش ۋە باھالار، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، يۈرىكى ۋە رولى ھېسسىي تەپەككۇر بىلەن سەنئەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن، ئۇلاردىكى ئورتاقلىق تەھلىل قىلىنىپ، كىشىلەرگە بىر ئاز يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىرقى رېئال بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن تەئەججۇپ ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم. شائىرنىڭ بىر سۆزلۈك ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر خىل ھاياتلىق ھامىيسى ۋە مەبۇدىسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قەلبى ۋە ئىش ھەرىكىتىدىكى يۈكسەكلىكتە ھېچنېمىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ مۇشۇ زاماندا بىر يېتەكچى ۋە ئۆرنەك ئىكەنلىكى بۇ ماقالىدە كۆپتۈرۈلمىگەن ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلساممۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈنكىن بىزدىكى ھېسسىيلىقنىڭ مۇشۇ دەۋردىمۇ يەنىلا ئېتىقاد ھالىتىدە، خۇراپاتلىق تۇسىدە تۇرغانلىقىدىن بىر ئاز ئەپسۇسلاندىم. يەنە بىر تەرەپتىن، مەن ئالاھىدە سەزگۈر بولۇپ كېتىپ، خاتا پىكىر قىلىپ قالدىممۇ، ئىشقىلىپ ھاياتىي مۇكەممەللىكنىڭ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ ئابىدىسى بولغان پەيغەمبەر بىلەن خۇسۇسىي خىيالىيلىقنىڭ ھامىيسى بولغان شائىرنىڭ روھىيەت ۋە ئەمەلىيەت ئۇقۇملىرىدا سېلىشتۇرۇلىشى، مەلۇم جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە قىلىندۇرۇلىشى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەندە كۈچلۈك گۇمان ئويغاتتى. بۇ ماقالىدە، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەيغەمبەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ ئورنىغا ۋە رولىغا بېرىلگەن باھانىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىگە، بۇ خىل پىكىر ۋە شائىرنى كۆپتۈرۈش ئەنئەنىسىنىڭ مەدەنىيىتىمىزدىكى يىلتىزىغا ئازراق نەزەر سېلىپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم. سۆيگۈ مۇھەببەتكە باي، ئاق كۆڭۈل شائىرلار، مەردۇ - مەردانە مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر شائىرلار، ئۆلۈم ئالدىدا شەمشەردەك قىلىچلارغا باش ئەگمىگەن شائىرلار يادىمغا كېلىش بىلەن بىللە ھاراقخۇمار، شاللاق شائىرلار، تەخسكەش، كۆپتۈرمىچى شائىرلارمۇ يادىمغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماڭا كىچىكىمدە كاتتا تويۇلغان ھېلىقى يۇرتۇمدىكى باللار شېئىرى يازىدىغان شائىرنىڭ مەنسەپ ۋە مەنپەئەت تالىشىش كۆرەشلىرىدىكى قارا يۈزلىرى ۋە ھازىرقى ھالىتى يادىمدىن كەچتى. مېنىڭچە، پەيغەمبەر پەقەتلا پەيغەمبەر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق سۈپەت سۆزى كەتمەيدۇ. ئۇ مۇكەممەللىكنىڭ ئۆلچىمى، ئۇلارنىڭ سانى بەك ئاز. ئۇلار شاللاقلىق قىلمايدۇ، شاراب ئىچمەيدۇ، نەرسىلەرگە بەھۇدە كۆپتۈرۈپ باھا بەرمەيدۇ، ئۇلار ھاياتى ئارقىلىق مىسلىسىز بىر ئەمەلىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

كېيىن كىتاب ماتېرىيال كۆرگەن چېغىمدا، شېئىر ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى كۆرگەن ۋاقىتلاردا، بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە نەزەر سالدىم. پەيغەمبەرلەرنىڭ شائىرلارغا قانداق قارايدىغانلىقىغا، ۋەز - نەسىھەت ۋە ھېكايەتلىرىدە، ئۇلارغا قانداق باھا بېرىدىغانلىقىغا، سەنئەتكار ۋە شائىرلارنىڭ ئەتىدىكى رولىغا ۋە تەسىر كۈچىگە ۋە بۈگۈنكى شارائىتتىكى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىدىيەۋى يۆنىلىشىنى بۇراش فۇنكسىيەسىگە ئالاھىدە سەزگۈر بولۇپ قالدىم. ئەدەبىياتنىڭ بۈگۈنكى مەنىسى ۋە رولى ھەققىدە ئازراق ئويلىنىپ قالدىم.

(1)

بىز سارتىرى دەۋرىدىكى «ھېكايە، رومانلار دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ» دېگەن قاراشقا يەنە قارىغۇلارچە ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك.

[1] 2008- يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپات ساھىبى كلىزيۇ

ئەدەبىياتنىڭ تارىختىكى رولى ۋە كۈچى ھەققىدە يەنە كۈچەپ سۆزلەپ يۈرۈش بىھاجەت. تارىخنىڭ ھەر بىر قەدىمى، تىنىقى ۋە ھەر بىر رەڭدار بەتلىرى ئۇنىڭ كۈچىنى ۋە تارىختا ئوينىغان مىسلىسىز رولىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى دەۋرگە نىسبەتەن كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىتى، رولى ۋە زۆرۈرلۈكى ھەققىدە

كۆچەپ ۋەز ئېيتىش ۋە ئەدەبىياتتىن ئالاھىدە بىر تەسىر تەلەپ قىلىش، كىشىلەردىن ئەدەبىياتقا كۆچلۈك مۇھەببەت تەلەپ قىلىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان سۆيگۈسى ئاللىبۇرۇن ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان مۇھەببەتكە، ئۆز ھاياتلىقىغا بولغان چۈشەنچىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى. كىشىلەر خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن كىشىلەرنىڭ ھازىر كىتاب ئوقۇماسلىقنى تاللاش ھوقۇقى يوق. ئۇلار چوقۇم ئوقۇيدۇ. شېئىر ئوقۇمىسىمۇ، نەسىر ياكى ھېكايە ئارقىلىق ساۋاتىنى چىقىرىدۇ، خەت تونۇشنى ئۆگىنىدۇ. ئەدەبىياتتىكى مەلۇم بىر خىل شەكىل ئارقىلىق كىتاب بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن چوقۇم مەلۇم شەكىلدە ئۇچرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات ئاللىبۇرۇن زۆرۈر نەرسىگە ئايلىنىپ بولدى. ئادەملەرنىڭ تەبىئىيلىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ قىممىتى، زۆرۈرلۈكى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلىمەسلىك ئادەت قانۇنىيىتى بار. مەسىلەن: كىشىلەر نان ۋە سۇ ھەققىدە ئۇنچە كۆپ ئويلانمايدۇ. ئۇنچە كۆپ گەپ قىلمايدۇ، پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر بەك مۇھىم، بۇلار بولمىسا بولمايدۇ، بۇلار بولمىسا كىشىلەرنىڭ ھاياتى خەۋپكە دۇچ كېلىپ مەۋجۇتلۇق تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك مۇزاكىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ھازىر ئەدەبىياتمۇ بىر كىشىنىڭ روھىيىتىگە نىسبەتەن نان ۋە سۇدەك. مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز بىز ئارزۇ قىلغاندەك تەرەققىي قىلالمايۋاتقان بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەرنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئاللىبۇرۇن مۇلاھىزە ۋە مۇزاكىرىدىن ھالقىپ كەتتى، ياكى بىزدىمۇ ئۇزاققا بارماي ھالقىپ كېتىدۇ. ئۇلار مۇقەررەرلىك ۋە زۆرۈرىيەت. مەدەنىيەتلىك دۇنيادا، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىياتمۇ ئاللىبۇرۇن شۇنداق زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ بولدى. ئەدەبىيات ۋە تىل سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ شەكىل، ئاللىبۇرۇن ئىجتىمائىيلىققا يانداشقان ۋە تۇتاشقان بارلىق پەنلەرگە ئىستىخىيەلىك ھالدا سىڭىپ، باشقا پەنلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە كىرىشنىڭ ئىشىكى ۋە تۈنجى پەشتىقى بولۇپ قالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئاممىۋى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى تەسىرىدە، ئەدەبىيات زور دەرىجىدە ئاممىۋىلىشىپ، كىشىلەرگە ئادەتتىكىدەك تۇيغۇ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنىڭ ئاممىۋىلىشىشى ئۇنىڭ ئىچكى دائىرىسىنى غايەت زور دەرىجىدە كېڭەيتىۋەتتى. شېئىر يېزىش ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتى بۇرۇنقى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنىۋى خىزمىتى ۋە خۇسۇسىي مۇۋەپپەقىيىتى بولۇشتىن، ھازىر زور كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە، تەپەككۇر قورالىغا، مەنىۋى خۇشاللىقىغا ئايلاندى، تۇرمۇش ھەمراھىغا، تىنچلاندۇرۇش دورىسىغا ئۆزگەردى. كىشىلەر ھېچ بولمىغاندا، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر ھېكايە ۋە ماقالە ئوقۇپ بەھرىلىنىدۇ، ھاياتىنى بېزەيدۇ. نەتىجىدە ئەدەبىياتقا بولغان ئۆلچەم ۋە پرىنسىپلارنىڭ مەزمۇنى كېلەڭسىزلەشتى، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار مول-لاشتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەلىرىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ئېشىپ، تۇراقسىزلىشىشقا قاراپ ماڭدى. جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئاممىۋى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى دۇنيانى ئۆزگەرتكەن ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى بولۇش بىلەن بىللە، ئەدەبىياتنى خۇسۇسىيلىق دەۋرىگە باشلاۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى. ھازىر ئەدەبىياتقا قارىتا پۇرسەت كېڭەيدى، ئىلغار مەدەنىيەت ۋە ئەدىبلىك ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىدىغان بولدى. ھەتتا ئەدىبلىك بۇرۇنقىدەك كەسىپ بولۇشتىن قالدى.

بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئەدىبلىك ئايرىم ئادەملەرنىڭ ئىشى ئىدى، ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلار، كۆز ـ قاراش ۋە چۈشەنچىلەر يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ خاتىرىلىنىدىغان بولغاچقا، ئوقۇيالمىغان، خەت بىلمەيدىغان تالاي ئادەملەر ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە گۆرگە ئېلىپ كېتەتتى. مەكتەپ تەربىيەسى كۆرۈش، مەدرىسىلەردە ئىلمىي مۇتالىئە قىلىش، ئالىم ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش ئالاھىدە شارائىت ۋە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئورۇن تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. گەرچە بەزى گۈللەنگەن دەۋرلەردە بۇ خىل ئېھتىماللىق خېلىلا كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن مائارىپ ۋە تەربىيەلىنىش يەنىلا ئاۋام خەلقنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى. ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بۇ خىل ھالەتنى غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. مائارىپ ۋە مەدەنىيلىشىشنىڭ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەت-

تى. كۆز ئالدىمىزدا 20 - ئەسىردىلا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى، مىسلى كۆرۈلمىگەن دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، ئاتوم بومبىسى پارتلىدى، كىشىلەرنىڭ كۈچ ۋە قۇۋۋەتكە بولغان چۈشەنچىسى پارتلىدى، كۈچ ۋە بىخەتەرلىككە بولغان سەزگۈرلۈكى ئاشتى. ھۆكۈمرانلىققا بولغان، يېڭى دەۋردىكى غالىبلىق كۈچىگە بولغان ئارزۇسى ۋە ئىستىكى پارتلىدى. ئەڭ مۇھىم نۇقتا ھەممىدىن بۇرۇن، مائارىپنىڭ غايەت زور دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ بىلىش قۇرۇلمىسىنى غىدىقلىشى نەتىجىسىدە، كىشىلەرنىڭ ئېڭى پارتلىدى، ئۆز - ئۆزىگە، دۇنياغا ۋە ھاياتقا بولغان چۈشەنچىسى پارتلاپ بۇ پارتلاش ھازىرقى ئۆزگىرىشلەرگە پىلتە بولدى.

ھازىر ھەممىمىز دۇنيانىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەۋاتىمىز. تىلى چۈچۈك سەبىيلەردىن بوۋاي - موماي لىرىمىزغىچە، ئاددىي كەسىپ ئىگىلىرىدىن ئالىم ئۆلىمالارغىچە، ھەممە كەسىپ، ھەممە ساھەدە، ھەممىمىزنىڭ ئېغىزىدا دۇنيانىڭ ئۆزگەرگەنلىكى مودا. بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلغان مەسىلىلەرنى ۋە يۈز بېرىۋاتقان غەلىتە ھادىسىلەرنى جاھاندىكى ئۆزگىرىشلەرگىلا ئاپىرىپ تاقاپ قويۇپ خاتىرجەملىك ھېس قىلىمىز. جاھان غوۋغالىرىدىن سەسكەنگەن ۋاقىتتا، يات غەيرىلىكلەرنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئادەملەرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئۇھسىنىش بىلەن تىلغا ئالىمىز. توغرا، ئادەملەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ئۆزگەردى، ئادەملەر ئۆزگەردى، ئۇلارنىڭ روھىي تەجرىبىلىرى، باشتىن كەچۈرگەنلىرى موللاشتى. ئۇنداق بولسا، ئەدەبىيات ئۆزگەردىمۇ؟ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى فۇنكسىيەسى ۋە ئەدەبىياتنىڭ كۈچى ئۆزگەردىمۇ؟ ئۇنىڭ كىشىلەرنى قامال قىلىۋېلىش شەكلى، كېڭىيىش ئۇسۇلى ئۆزگەردىمۇ؟ مېنىڭچە ئۆزگەردى. غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئەدەبىيات خۇسۇسىيلىشىش دەۋرىگە كىردى، يەككىلىشىش دەۋرىگە كىردى. ئىجتىمائىيلىقىمىز كۈچەيدى، ئەكسىچە، ئىجتىمائىي يەن ئاجىزلىدى. ئەدەبىياتنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنىڭ كېڭىيىپ ئاددەتتىكىدەكلىشىشى، ئۆلچەملىرىنىڭ كېلەڭسىزلىشىشى، ئەدەبىي - ئىجادىيەتنىڭ ئاممىۋىلىشىپ، ئەدەبىياتنىڭ خۇسۇسىيلىشىشى كىشىلەرگە ئەدەبىيات ئاجىزلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدىغان، بۇ كەسىپ بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغۇچىلارنى ۋە ھەۋەسكارلارنى سەگەكلەشتۈرۈپ، شۇنچە كۆپ ئادەم ھېكايە، شېئىر ئوقۇماي قانداق ياشاۋاتقاندۇ، دەيدىغان شۈبھىلىككە تاشلاپ قويىدىغان ھالەت كېلىپ چىقتى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ پەن - مەدەنىيىتىمىز ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز بىزدىكى مەدەنىيلىشىشنىڭ ئۇنچىلىك ھالەتكە كەلمىگەنلىكىنى، 10 مىليون نوپۇسلۇق قوۋمدە كىتاب تىراژى 3000 دىن ئاشالمايۋاتقان بىر مەنزىرىنى بىزگە پۇرىتىپ، مەلۇم قالاقلىقنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، ئىجتىمائىي مۇھىت، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىستىلالىرى، بىزنىڭ ئېڭىمىزنى غىدىقلىغۇچى كۆرۈنمە ئامىللار، تور ئەدەبىياتىدىكى زامانىۋى مەدەنىيەتلەر بىلەن بىللە مېڭىش ئىستىكى بىر مۇقەررەرلىكتىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. بىزدىكى ئەدەبىياتنىڭمۇ ئۇزاققا قالماي ھامان خۇسۇسىي تۇرمۇشقا يۈزلىنىشنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئىشارە قىلىۋاتىدۇ.

ھازىر ئەدىبلىك ئوقۇمىنىڭ مەنىسىمۇ ئۆزگىرىپ، زىيالىيلىق ئاممىۋىلاشتى، ھەممە كىشىنىڭ كۆزى ۋە ئىدىيەۋى ئېڭى بەلگىلىك دەرىجىدە ئېچىلدى. پەن - مەدەنىيەتتىكى داۋراڭ ۋە مۇلاھىزىلەر كىشىلەرگە غەلىتە، ئۆزگىچە تۇيۇلىدىغان دەۋر كېتىپ، كىشىلەر پاساھەتلىك پىكىرلەرگە بەك قىزغىن بولۇپ كەتمەيدىغان زامان بولۇپ قالدى. ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزگە غەربنىڭ داڭلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئەقلىيەتلىرىنىڭ ۋەسۋەسى كىرىش بىلەن بىللە، ئۇزاققا بارمايلا ھازىرقى غەربلىكلەرنىڭ كۆز قاراشقا ۋە پىكىرگە ئانچە ئەگەشىپ كەتمەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ سۆزلىرىگە، ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان تەپەككۇر جەۋھەرلىرىگە بېقىنماي، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي خۇسۇسىي ھاياتلىق تەجرىبىسىنى يەككە تۇرمۇش مىزانى قىلىپ ياشاۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرىمۇ بىللە كىرىپ بولدى. گەرچە بىزدە ھازىر غەربلىكلەردەك بىر مەسىلىگە قارىتا ئون ئادەمدە ئون خىل كۆز قاراش بولمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئون ئادەمدە ئالتە خىل قاراش بار، قاراشلارنىڭ ئالمىشىشى ۋە كونىرىشى، تاشلىنىپ قېلىشى ۋە ئۇنتۇلۇشىمۇ بۇرۇنقىدىن تېز. نوپۇزغا چوقۇنۇشمۇ ئۇنچە ئېغىر ئەمەس. شۇڭا، مۇرىت ۋە مۇخلىس توپلاش خېلى قىيىن، سىزدە ئالاھىدە بەدىئىي دىت، ناھايىتى يىراقنى كۆرىدىغانلا ئەمەس، بەلكى باشقىلار يوشۇرۇۋالغان نەرسىلەرنىمۇ كۆرىدىغان ساپ، سۈزۈك تۇيغۇ، تىلىڭىز بىلەن دىلىڭىز ئىزچىل بىردەكلىكنى

ساقلايدىغان ئەقىدە بىرلىكى، باشقىلارنىڭ پىكرىگە هۆرمەت قىلغان ئاساستا ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىڭىزنى قوغدىيالايدىغان قەتئىيلىك بولمىسا، پىكرىڭىزدە ئىزچىللىق بولمىسا، ئېنىقلىق بولمىسا كىشىلەر سىزنىڭ پىكرىڭىزگە دىققەت قىلمايدۇ.

مەن ئىنتېرنېت توردا بولغان بىر ئىككى قېتىملىق مۇلاھىزە ۋە پىكىرلەرنىڭ سالمىقى ۋە ۋەزنىنى دەڭسەپ، توردا پىكىر بايان قىلىۋاتقان تەڭتۇشلىرىمنى كۆرۈپ بىر خىل سۆيۈندۈم. كۆز قاراش ۋە چۈشەنچە جەھەتتە، هازىرقى كەسپىي زىيالىيلىرىمىزدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئادەتتىكى ئىشلار بىلەن ياشاۋاتقان زىيالىي ياشلار، ئىشسىز ئىستۇدېنتلار ۋە باشقا كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ خېلىلا نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى مەسىلىلەرگە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت هادىسىلىرىگە، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىگە، جەمئىيەت مەسىلىلىرىگە قارىتا ئۆزگىچە قاراشلىرىنىڭ بارلىقىنى، مەسىلىلەرگە باشقىچە، ئۆزگىچە خاس قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئەدەبىياتتىكى مىللىي روھىمىزغا ۋە پسىخىكىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە بەزى نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ قاراشلىرىنىڭ خىرىسقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، بىزدىمۇ ئۆز هاياتىغا مەلۇم دەرىجىدە ئىزاهات بېرىپ ياشايدىغان نۇرغۇن ئىشسىز ياكى كوچىلاردا ئالما سېتىپ يۈرگەن «خۇسۇسىي پەيلاسوپ»لارنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئەدىبلىكنىڭ بىر خىل ئادەتتىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ، كەسىپ بولۇشتىن قېلىپ، يەككىلىشىشنىڭ باش كۆتۈرىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ قالدىم. مېنىڭچە، بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزمۇ بىزگە بىلىنمەي ئۆزگىرىۋاتىدۇ ۋە چوڭراق بىر ئۆزگىرىشنى كۈتۈۋاتىدۇ، مەلۇم بىر ئۆزگىرىشمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى تىندۇرمىسىغا قاراپ يېقىنلىشىۋاتىدۇ. گەرچە بىز تېخى ئۆزىمىزنىڭ سەنئەت ئىستىكىمىز، گۈزەللىكنى هېس قىلىش ئەندىزىمىز ھەققىدە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي يۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىمىزنىڭ سەنئەت ئېستېتىكا قۇۋۋىتىدە ئاللىبۇرۇن بىر خىل پىرىسلانغان هاۋا شەكىللىنىپ بولدى.

(2)

«نادانلىقىمغا ۋاي! ئەدەبىياتتىن نېمە ئۈمىدلەرنى كۈتمىدىم مەن؟ هازىر بىلدىمكى، ئەدەبىيات خەلققە چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىكەن. ئەدەبىيات خەلقنى پەقەت ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش ۋاستىسى بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىكەن. بىلدۇرۇشتە پەلسەپەگە، هاياجانلاندۇرۇشتا ناخشا مۇزىكىغا، تونۇتۇشتا تەشۋىقاتقا، قوزغىتىشتا شوئارغا يەتمەيدىكەن، جەمئىيەت سەھنىسىدە ئاران 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك رولچى ئىكەن.» [2]

— نۇرمۇھەممەت توختى

ئەمدى بىزدىكى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىملىقىغا، فۇنكسىيەسىگە ۋە هازىرقى ئورنىغا يان تەرەپتىن نەزەر سېلىپ باقايلى.

ئەمەلىيەتتە، تارىختا بىز ئۈچۈن ئەدەبىيات ھەممە ئىدى. ئومۇمىي نۇقتىدىن سەپسېلىپ، تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق بۈگۈنمۇ شۇنداق.

بۇنى بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىمىز، تارىخىي قىسمەتلىرىمىز، قۇرغاق ۋە تىنجىق مۇھىتىمىز، بېكىنمە هالىتىمىز ۋە مىللىي پسىخىكىمىز بەلگىلەپتۇ. خۇددى ئەدەبىياتقا قارىتا ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى بار بىر ئوقۇتقۇچۇم دېگەندەك: «دۇنيادا ئەدەبىياتقا بىزدەك باغلانغان مىللەت بولغان ئەمەس، هەمدە ئەدەبىياتمۇ دۇنيادا بىزدەك ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان، ئاسان رام قىلغىلى بولىدىغان يېپىشقاق مىللەتنى تاپالىغان ئەمەس». شۇڭا، ئەدەبىيات بىزگە شۇنچىلىك كۈچلۈك يېپىشقان، ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىنلىق ھەتتا ئېتىقاد دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. بىزدىكى ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىلىرى ئىشنى، يەنى مەدەنىيلىشىشنى شېئىردىن باشلىغان، ئۇلار باشقىلاردەك تاشنى تاشقا سۈركەپ ئوت چىقىرىپ، كومپاس ياساپ نىشان ئىزدەپ يۈرمىگەن. قاراڭغۇلۇقتىن قورقسا دەرەخ ئۈچىگە كىرىۋېلىپ ئەپسانە توقۇغان. خىياللىرىنى تاشقا بەلگە قىلىپ ئويغان. دۇنيا ھەققىدىكى تەپەككۇرنى شېئىر بىلەن باشلاپ، شېئىر بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شېئىر بىلەن تۈگەللىگەن. ئىپتىدائىي دەۋرلەردىمۇ، مەدەنىيەتلەشكەن مەزگىللەردىمۇ، كەمبەغەل چاغلاردىمۇ، باي ـ باياشات زامانلاردىمۇ، پادىشاھلىق قۇرۇپ گۈللەنگەن دەۋرلەردىمۇ شېئىردىن ئەرمەك، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە خۇشاللىق ئىزدىگەن. دانالار 1000 يىل شېئىر يازغان، 1000 يىل شېئىر كۆچۈرگەن. ئۆتمۈشتە شېئىرىيەت كەسىپلىشىپ، بىر

ئادەمنىڭ مەدەنىيلىكنى بېكىتىشنىڭ جەمئىيەت
خاراكتېرلىك ئۆلچىمىگە ئايلانغان. بىزدە شېئىرىيەت
بىر خىل ھېسسىي تەپەككۇردىن ئايرىلىپ ئەقلىي
تەپەككۇر ھالىتىگە يەتكەن. تەربىيە كۆرگەنلەر، ئەقىل
ئىگىلىرى سۆز دۇنياسىدا ئاجايىپ جەزبە يارىتىپ، ئا-
جايىپ پاساھەتلىك مۇبالىغىلەر، تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۆ-
زىنىڭ ئەدىبلىك تالانتىنى ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى نا-
مايان قىلغان. «ئەدەبىيات ئالىمنى يەتتە ياشلىق بالى-
نىڭ ئەقلىدىن چۆچىيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان» [
3]، شائىرلار ئاياللارنىڭ يۈزىدىكى خالىغا (مەڭ) ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرلەرنى تېگىشىۋېتىشكىمۇ
[4] رازى ئىكەنلىكىدەك مەپتۇنلۇق، ساداقەتمەنلىك
ئۇيى ۋە چەكسىز تەشنالىقنى ئىپادىلىگەن. نەچچە 10
مىڭ مىسرالىق لىرىكىلىق غەزەللەر ئارقىلىق مۇھەببەت-
نى، ساداقەتمەنلىكنى، قىز ـ ئاياللارنى قانغۇچە مەدھىيە-
لىگەن ۋە نازىنىلارنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان تەشنالىقنى
ئىپادىلىگەن. ئاشۇ رومال ئىچىدىكى پەرىلەرنىڭ ھۆسن-
جامالى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە شەرمى ـ ھاياسى
ئۈچۈن، يىل ـ يىللاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.
ئاچ ـ ئاچارچىلىقتا قالغان نامراتلارنىڭ، غېرىب ـ غۇر-
ۋالارنىڭ غولدۇرلاۋاتقان قورساقلىرىنى «داستانلار»،
«جەڭنامىلەر» ۋە «قىسسەلەر» بىلەن بېسىقتۇرغان. تا-
رىخىي ۋەقەلەرنى شېئىر ئارقىلىق خاتىرىلەپ، سۈپەت
دەرىجىلىرىنى بېيىتىپ، سۆزنىڭ ئاجايىپ پاساھەتلىرىنى
ياساپ خۇشاللىقتا چۆمۈشكەن، تەنتەنە قىلىشقان. تۇغۇم
ۋە ئۆلۈمنى شېئىر بىلەن، سەنئەت بىلەن باغلاپ بېزى-
گەن. دانالار يازغان ئەسەرلەرنى شاگىرتلار قولمۇ-
قول كۆچۈرگەن، ئاۋام خەلق ئۇنى كۆرۈش شەرىپىگە
ئېرىشەلمىگەن. پەقەت ئاڭلىغان ۋە يادلىۋالغان.
بۇنداق ئىش قولدىن كەلمەيدىغان ئاۋامغا بۇ ئىش ئا-
جايىپ سىرلىق ۋە ئۇلۇغ بىلىنگەن. لېكىن نەچچە 10
مىڭ مىسرالىق شېئىرلارنى يازغان ئەقىل ـ پاراسەت ئە-
گىلىرىگە، شۇنداق مول تەسەۋۋۇرلۇق كاتتا زاتلارنىڭ
كاللىسىغا قانداق قىلىپ ئۇنى ئارتۇقراق كۆپەيتىش،
قارا قەغەز قويۇپ بىر قانچە نۇسخا يېزىپ چىقىش
ياكى بۇنى كۆپرەك نۇسخىلاپ چىقالايدىغان بىرەر
ئۇسكۇنە، ئەسۋاب ياساش خىيالىنى قىلمىغان. جەزىر-
لەردىكى زېرىكىش ۋە سەپەر ئازابىدىكى مۇساپىرلىق
تۇيغۇلىرى ئەجدادلىرىمىزنى مۇڭلۇق كۈيلەرگە باشلى-
غان بىلەن، كارۋان هارۋىسىغا بىرەر ئۈسكۈنە ئورنى-
تىپ تېزرەك مېڭىش خىيالىنى ئاتا قىلمىغان. ئەدەبىيات ـ
سەنئەتتىكى ھېرىسمەنلىك ۋە زوقمەنلىك تىل گۈزەللى-
كى جەھەتتىكى پاساھەت ئارقىلىق بىر قىسىم ئەدەبىيات
ـ سەنئەت مۆۋەپپەقىيەتلىرى، تەسەۋۋۇرنى سىيدام قىلا-
لايدىغان تىل نەپىسلىكى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ،
ئەمما كىشىلەرنىڭ روھىي قۇرۇلمىسى ئاجايىپ بىر خى-
يالىلىققا بەخشەندە قىلىۋېتىلگەن. كىشىلەر جۇلدۇر ـ
كېپەن كىيىملەر بىلەن، ئاچ قورساق ھالەتتە گۈزەل
خىيالىي قەسىرلەرگە سولىۋېتىلگەن. ئەدەبىياتتىكى مول
تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ئەدىبلەرنى دائىم بىر خىيالىي
دۇنياغا باشلاپ، رېئاللىقتىن غايەت زور دەرىجىدە
ئايرىپ تاشلىغان.

كىشىلەرنىڭ دىنىي ئىدېئولوگىيە ئۆچرىشىشىدىمۇ،
ئەدەبىيات ۋە شېئىر تەقدىم قىلغان خىيالىلىق ئەنئەنى-
سى ئۆز كۈچىنى ئاجايىپ كۆرسەتكەن. كىشىلەر ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغان چاغدىمۇ، ئۆزىنىڭ خىيالىي قە-
سىرلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ماراپ ئالدى بىلەن «جەن-
نەتتىكى پەرىشتىلەر ۋە نازىنىلار»غا نەزەر سالغان.
گەرچە «قۇرئان كەرىم» چۈشەنگىلى بولمايدىغان رو-
ھىيەت ۋە ئاخىرەت مەسىلىلىرىنى تەكىتلىمەي، ئىنسانى-
يەت دۇنياسىدىكى ھالال بىلەن ھارام، ياخشى بىلەن
يامان، رەزىل بىلەن گۈزەل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى
ئايرىشتىن ئىبارەت رېئال ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىنى تە-
كىتلەپ، پايدىسىز بىلىملەردىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس
قىلغان بولسىمۇ، ئۆلىمالارنىڭ دىققىتى جەننەتنىڭ دەرى-
جىسى، پەرىشتە، شەيتان، خۇدانىڭ سۈپىتى قاتارلىق
مەۋھۇم مەسىلىلەرنى ئەپلاتونىزم خاھىشلىرى بىلەن يۇ-
غۇرۇپ تەلقىن قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۆز ئالدى-
دىكى دۇنيانىڭ كۈچ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى
سەزمىگەن [5]. خىيالىلىق ئارقىلىق ئەقىدە ـ ئېتىقاد
سوفىستلىق يولىغا باشلىۋېتىلگەن. دۇنيادىن بىزار
بولغان كىشىلەر ۋە سوفىلار غەزەللەر ئارقىلىق خىيالىي
تۇيغۇسىغا مىخلىۋېتىلگەن. يەنە شۇ نازىنىن گۈزەللەر،
ئاي يۈزلۈك پەرىلەر غەزەللەرگە كۈچ بەرگەن.

ھازىرچۇ؟ ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر قىسىم ئە-
دەبىي ئەسەرلەر يەنىلا خىيالىي مۇخلىس تەربىيەلەش،
ئەخلاق باھالاش، كىشىلەرنى ئاجايىپ بىر خىل مەنادا
ياشاشقا ئۈندەش بىلەن ئاۋارە. ئەنئەنە ئۆزگەرمىگەن.

باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش، ھاياتتىكى يوللارنىڭ توغرا
خاتالىقىنى كۆرسىتىش، ئانىلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ
چەكسىزلىكىنى، دادىلارنىڭ ھىممىتىنىڭ مۇھىملىقىنى بې-
كىتىپ چىقىش، ۋاپاسىز دۇنيادىن قاقشاش، مەسئۇلىيەت-
چان ۋە ئەخلاقلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئۇرۇ-
نۇش بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا قاراڭغۇ يولغا كىرىپ
قالغان، بۇزۇق ۋە ۋىجدانسىزلىشىپ كەتكەن ياشلار-
نىڭ ھاياتىغا باھا بېرىش، ئۆتمۈشتىكى ئۆزى بىلەن
تويي قىلالمىغان مەھبۇبىسىنىڭ پۇشايمان خاتىرىسىنى
ئاشكارىلاش بىلەن پايپېتەك. قىسمەن يازغۇچىلارنىڭ
كۆزىگە يەنىلا ھەممە ئادەم شۇنچە ئەخمەق، شۇنچە
نادان، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلالمايدىغان، مەنە-
لىك ياشىمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

بىز ئەدەبىيات ئۈچۈن، جۈملىدىن شېئىر ئۈچۈن
جېدەللىشىمىز، ھازىرغىچە ھەتتا بۇگۈنكى كۈنگە كەل-
گەندىمۇ ئەدەبىياتنى دەۋرنى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى
ئۆزگەرتىشتىكى بىردىنبىر كۈچلۈك قورال، دەپ قاراي-
مىز ۋە شۇنداق دەپ جار سالىمىز. ئەدەبىيات ئارقى-
لىق كىشىلەرنى دەس تۇرغۇزۇشنى، مەدەنىيىتىمىزنى
گۈللەندۈرۈشنى، ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى قايتۇرۇپ
كېلىشنى ۋە ئەخلاقىمىزنى قايتا قۇرۇشنى، كىشىلەرنىڭ
ئېڭىنى ئويغىتىپ ئۇلارنى ئىلغارلىققا يېتەكلىشنى
ئىزچىل ئويلايمىز. شېئىر ئارقىلىق ھەممىنى قوتقۇزماق-
چى، باھالىماقچى، مۇكەممەللەشتۈرمەكچى بولىمىز.

«بىزدە بىرەر پەش، چېكىتنىڭ خاتا كەتكەنلىكى،
مەلۇم يازغۇچىنىڭ تەخەللۇسىنىڭ غەلىتە بوپقالغانلىقى،
گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، مەلۇم شې-
ئىردىكى قاپىيەنىڭ ئاچ ۋە توق بوپقالغانلىقى، كىشىلەر-
نىڭ شېئىر ئوقۇماس بولۇپ قالغانلىقى... دېگەندەك
تېمىلار ئۈستىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق سوزۇلغان بەس -
مۇنازىرىلەر بوپكېتىدۇ» [6]. رېئال مەسىلىلەر نامرات-
لىق مەسىلىلىرى، ئوقۇشسىز قېلىش، باللارنى ئېلىپ
سېتىش، ئەيدىزنىڭ يامرىشى... دېگەندەك مەسىلىلەر-
نى كوللېكتىپ مۇزاكىرىگە تاشلايدىغانلار، ئەدەبىيات -
سەنئەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ بۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىغا
كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئاز. مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد پارچە-
لىنىشىدىكى يىمىرىلىش، خاراكتېر بۆلۈنۈشىدىكى كۆپ
قوتۇپلۇق گاراڭلىق، گۇناھ تۇيغۇلىرىنىڭ مەدەنىيلىشە-
شى، ئىنساننىڭ مەنىسىزلىكى ۋە روھىي تەجرىبىلىرىنىڭ
ئىشەنچسىزلىكى ۋە مۇجمەللىكى، ئەخلاق شەكىللەندۈ-
رىدىغان ئامىللارنىڭ مۇرەككەپلىكى، مۇھىت تەرىپىدىن
دەپسەندە بولۇش، ئادەمنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە
يۇكسەك بولۇشىنىڭ چېكى دېگەندەكلەر ئۈستىدە پىكىر
قىلىدىغانلار ۋە قەلەم تەۋرىتىدىغانلار ئاز. بىر ئادەم-
نىڭ ئەخلاقلىق بولۇشى، ئەركەك بولۇشى، باتۇر، ھايا-
لىق بولۇشىنىڭ نېمىلەر تەرىپىدىن قانداق بەلگىلىنىدى-
غانلىقىنى، بۇلارنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى تەسۋىرلەپ
باقىدىغانلار، بۇنى چوڭراق نۇقتىدىن كۆپ قۇتۇپلۇق
نۇقتىدا مۇلاھىزە قىلىپ باقىدىغانلار ئاز. ھەممىدىن
ھالقىغان سەنئەت ئېڭىدا تۇرۇپ، ئۆز سەنئەت ئىدىيە-
سى ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى دوغا تىكىپ، جەمئىيەتكە
تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆزىنىڭ غايەت زور زىلزىلىسى
ئارقىلىق بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېڭىنى قوزغىتىدىغان
سەنئەتكارلار ئاز. ئەدەبىياتتا پەقەت مەنىلىك ياشاشنى
قوغلىشىش بىلەن، ئۆز ھاياتى ۋە كەسپىنىڭ، قىلىۋاتقان
ئىشىنىڭ ئاجايىپ قىممىتىنى باشقىلارغا ئىسپاتلاشقا زور
دەرىجىدە ئۇرۇنۇش خاھىشلا بار. شۇڭا، بىزدىكى ئە-
دەبىيات ۋە سەنئەت ساھەسى نام چىقىرىشنىڭ يۇقىرى
سۈرئەتلىك يولىغا كىرىۋالغانلار كۆپرەك.

ئەدەبىيات ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى كىتابلارمۇ
دائىم بىزگە بىر خىل ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ-
نىڭدىكى «ئەدەبىيات خەلقنى تەربىيەلەيدۇ، كىشىلەرنى
ئالىيجاناب قىلىدۇ» دېگەندەك جاھانغا پاتمايدىغان ئۇ-
قۇملار بىزنىڭ غايىۋىلىكىمىزگە تېخىمۇ كۈچ بېرىدۇ.
ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىغا جاسارەت بېغىشلايدۇ. بۇنداق
ماقالە مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىغانلارنىڭ نەپسى ۋە كۆز
ئالمىسىنىڭ ھەرىكىتى ئەتىدىن باشلاپلا ئۆزگىرىشكە
باشلايدۇ. ئازراق كىتاب يۈزى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار
شۇ ھامان ئەدەبىياتنىڭ غايىۋى كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ
ساماۋى قەسرىنى قۇرۇپ، خىيالىي پەشتىقىدا ئولتۇ-
رۇپ، دۇنيادىكى ۋە مىللىتىمىز ئىچىدىكى بىيولوگىيە-
لىك ئىنسانلارنى، يېيىش، ئىچىش ۋە ئەۋلاد كۆپەيتىش
ۋەزىپىسىدىن نېرىسىغا ئۆتەلمىگەن مەخلۇقلارنى كۆرۈد-
تىشكە باشلايدۇ. ھاياتلىق ئادۋوكاتى بولۇشقا تۇتۇش
قىلىدۇ. ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ كاللىسىغا
سۆيگۈ مۇھەببەت ھەققىدىكى گۈزەل تەسۋىرلەر توخ-

تىماي كېلىدۇ- يۇ، لېكىن تەنھالىق ۋە تۇرمۇشتىكى ئا-
مالسىزلىق تۇپەيلىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىلەپ
گاراڭ يۈرگەن بىر قىزچاقنى باغرىغا بېسىپ، كۆچلۈك
مۇھەببىتى، مېھرى ۋە ئەرلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇ-
نىڭغا ھەقىقىي بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىپ،
ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىش، بۇ ئارقىلىق ئۆز ھايا-
تىنىڭ مەنىسىنى بېكىتىش كاللىسىغا كەلمەيدۇ. ئەدەبىيات
سۆيگۈ ھەققىدە جار سالغان بىلەن، قانداق سۆيۈشنى
ئۆگەتمەيدۇ. قىزلار ھەققىدە غەزەللەر يېزىلىدۇ- يۇ،
نۇرغۇن قىزلار كوچىلاردا سارغايغان ياپراقتەك ئەگىپ
يۈرىدۇ. كىتاب- ژۇرناللار ۋە تورلارنى ئەرلىك ۋە
ئەركەكلىك ئۇقۇملىرى قاپلاپ كېتىدۇ- يۇ، كۆپكۆن-
دۈزدىكى نومۇسسىز بۇلاڭچىغا ۋارقىراپ قويىدىغان ئا-
دەملەر ئاز.

باشقا مەۋقۇلاتلىرىمىزگىمۇ خېلى زور دەرىجىدە
ئەدەبىيات ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بىزدىكى غايىۋىلىكنى،
ئالىيجانابلىقنى ئاساسەن دېگۈدەك ئەدەبىيات مەيدانغا
كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئەدەبىيات ئارقىلىق پۇل تېپىشنى
ئويلاش ئەخمەقلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. شېئىر ئارقىلىق
بىر نامرات تىلەمچىنىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقەتلەرنى ۋە
مۇشەققەتلەرنى تېپىپ قېزىپ چىققىلى، ئۇنى ھەقىقەت
ۋە سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق
مەشھۇر شېئىرىي ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى، باشقى-
لارنى ھاياجانغا سېلىپ تەربىيەلىگىلى بولىدۇ، ئەمما،
ئاشۇ بۈيۈك شېئىرنىڭ مۇكاپات پۇلى ئارقىلىق ئۇ نام-
راتنى نامراتلىق سىزىقىدىن قوتۇلدۇرغىلى، ئۇنىڭ تۇر-
مۇشىغا ئىسسىق ھۆسن قوشقىلى بولمايدۇ. «خانتەڭرى
ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتتى-
كى قابىلىيىتى ۋە تالانتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما،
«خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پۇلىغا جەنۇبتىن كې-
لىدىغان ئۈزۈن يوللۇق كىرا ماشىنىسىنىڭ بېلىتى،
ياتاق، تاماقنى ئاران كېلىدۇ، بۇ ھەقتە سۆزلەش، ئىقتى-
ساد بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە پىكىر
قىلىش ۋە داۋراڭ سېلىش بىر خىل مەدەنىيەتسىزلىك-
تىن، ئەدەبىياتنىكى چوڭ گۇناھتىن، ئەدەبىياتقا قىلىن-
غان ھاقارەتتىن، سەنئەتنى سۆيمەسلىك، دەپ قارىلىدۇ.
ئۇستازلار ئەدەبىيات مۇلاھىزىلىرىگە پۇلنى ۋە ئىقتى-
سادنى ئارىلاشتۇرغان شاگىرتلارنى يارامسىز، قولىدىن
كېلىش كەلمەيدۇ، ئەدەبىياتنى سۆيمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.
گەرچە دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ ئىقتىساد بىلەن
سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئانچە يېقىن ئەمەسلىكى ئو-
مۇمىيلىق بولسىمۇ، لېكىن بىزدە بۇ ئىككى نەرسە پەقە-
تلا بىر- بىرسىگە قارشى قويۇلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر-
دە، بايلار دائىم بىر خىل ئاچكۆز، پاكار، سېمىز، گە-
دىنىدە بىر پارچە گۆش لىغىلداپ تۇرىدىغان قىلىپ
ھەجۋىي تەسۋىرلىنىدۇ، بايلار تەنقىد قىلىنىپ، ئاچكۆز
دەپ پاش قىلىنىپ رەسۋا قىلىنىدۇ، نامراتلار ئاق
كۆڭۈل، پەزىلەتلىك دەپ بىكار تۇرماي مەدھىيەلىنىدۇ.
چەت ئەللەردىكى ئىنچىل تۈردە رازۋېدچىك ھېكايىلى-
رىنى يېزىپ پۇل تاپقان يازغۇچىلار بىزدە چوڭ گۇناھ-
كار، سەنئەتنى ھاقارەتلىگەنلەر، دەپ قارىلىدۇ،
ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ مىليون، مىليون پارچە نەشر قى-
لىنغىنىنى بىزدە بىرەر كىم مۇزاكىرە قىلمايدۇ. ئەدەبى-
يات ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن دەپ سالغۇچىلار
ئەدەبىياتقا مېھرسىز، دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، بىز ئەدە-
بىياتنى شۇنچە سۆيۈپ تۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى ئەدەبى-
يات بىلەن باھالاپ، ئەدەبىياتنىڭ قىممىتىنى بىزلا بېكە-
تەلەيدىغاندەك ۋارقىراپ تۇرۇپمۇ، دۇنيادىكى ئەڭ
قىممەت سەنئەت ئەسىرىنىڭ «مونالىزا» دېگەن رەسىم
بولماستىن، بەلكى شېكسپىرنىڭ «ۋېنتسىيە سودىگى-
رى» دەيدىغان 300 يىلدىن بۇيان ساقلىنىۋاتقان، سار-
غىيىپ كەتكەن بىر قانچە بەت قوليازما ئىكەنلىكىنى
ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىكار تۇرماي كىتابلاردا ئەدەبىيات
بىلەن ئىقتىسادنىڭ قارىمۇقارشىلىقى قايتا- قايتا
ئىزاھلىنىدۇ.

ئەدەبىيات رېئاللىقنى تەشكىللەيدۇ. نامراتلىق ۋە
يوقسۇزلۇق كوچەيسە ئەدەبىيات گۈللەنگەندەك، ئەدە-
بىيات بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى بولمىغاندەك، ئە-
دەبىيات بىلەن نامراتلىقنىڭ پەقەت مۇناسىۋىتى يوقتە-
كلا بىلىنىدۇ. ھەممىمىز سەنئەتكارلارنىڭ خىيالىيلىقنى
ئېتىراپ قىلىمىز، ئەدەبىيات- سەنئەت رېئال دۇنيادىن
ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ داۋراڭ سالىمىز، بۇ يەردىكى
ئۈستۈن دېگەن گەپ بىزگە بىر خىل ھۆكۈمرانلىق، غا-
لىبلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ، بىز بۇ غالىبلىق تۇيغۇسى
بىلەن رېئاللىققا، نامراتلىققا، بەزى چاغلاردا خار- زە-
بۇنلۇققا ھۆكۈمرانلىق قىلىپمۇ سالىمىز. ئەدەبىياتنىڭ

كۈچى بىلەن جەمئىيەتكە باھا بېرىپ: «جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى، ئادەملەر ئەسكىرىشىپ كەتتى، قىزلار تاپتىن چىقىپ كەتتى» دەپ قاقشاپ شېئىر ئارقىلىق جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋېرىمىز. تېخى بەزىدە مۇشۇ دەۋردە ياشاۋېتىپ تۇرۇپمۇ «جورجى بۇش بىلەن سادام زۇڭتۇڭ شېئىر ئوقۇغان بولسا، بەلكىم پارس قولتۇقى ئۇرۇشى يۈز بەرمىگەن» بولاتتى، دېگەندەك ئۆزگىچە ساددا خىياللارنىمۇ مەتبۇئاتلاشتۇرۇپ قويىمىز. لېكىن مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇھىت تەرىپىدىن تالان - تاراج بولۇشى ئۆزلىرىنىڭ شەكلى بىلەن يۈز بېرىۋېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ گاڭگىراۋاتقان روھى، ئۆزىگە ئىگە بولالمايۋاتقان ئۆزلۈكى، ئاشۇ مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز ئەخلاق، ۋىجدان ۋە ئىنسانىيلىق قۇرۇلمىسى ئەدەبىياتتىن بوشلۇق تاپالماي باشقا شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىيەتكە سىڭىۋېرىدۇ. جەمئىيەتتە فورماتسىيەلىنىۋېرىدۇ. نەسىھەت شەكلىدىكى يازمىلار ۋە «پەرىشتە»لەرگە ئاتالغان خىتابلار كىشىلەرگە خىيالىيلىق بېرىۋېرىدۇ. يازغۇچىلار ئەدەبىياتقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد بىلەن كىشىلەرنى خىيالىي قەسىرگە باشلاۋېرىدۇ. رېئال مەسىلىلەر دۆۋىلىنىۋېرىدۇ. كىشىلەر يازغۇچىلار تەسۋىرلىگەندەك «ئادەم» بولالماي، ئۇلار بەلگىلەپ بەرگەن مەنزىلگە يېتەلمەي، ئۆزىنى يارامسىز ھېس قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. بۇ خىل ئىشلاردا ئەدەبىياتنىڭ كۈچى ۋە تۆھپىسى يوقمىدۇ؟

(3)

تەنقىدمۇ سۆيگۈ، سۆيگۈدىن ئايرىلىپ قالغان تەنقىد تەنقىد ئەمەس، ئاسىيلىقتۇر. سۆيۈپ تۇرۇپ تەنقىدلەش كېرەك.

—— ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ دەرسخانا لېكسىيەسىدىن

مەن ئەدەبىياتنى ياقتۇرىمەن.

ئەدەبىيات مېنىڭ روھىمنى سۇزۇكلەشتۈرىدۇ، ماڭا ئىنسان بولۇشنىڭ يوللىرىنى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ۋە مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. مېنى دۇنيانىڭ مەنىۋى ھاسىلاتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، گۈزەللىكلەرنى بايقاشقا، بىر خىل ئادىمىي سۈپەت بىلەن ياشاشقا يېتەكلەيدۇ، مېنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىمغا بىۋاستە شاھىت بولىدۇ. ماڭا ئەرمەك بولىدۇ. ماڭا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ كۆرۈشىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئازاب ۋە خۇشاللىقلىرىمغا رەڭ ۋە تۈس بېرىپ، مېنى يېڭى ئۈمىدكە باشلايدۇ.

خەلق ئەدەبىياتنى سۆيىدۇ.

خەلق ئەدەبىيات ئارقىلىق كوللېكتىپ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى خاتىرىلەيدۇ، دۇنياغا ۋە ئۆز مەۋجۇدلۇقىغا بولغان ھاياتلىق تەجرىبىلىرىنى تاسقايدۇ ۋە ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ ھاياتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەدەبىياتتىن تەسەللىي تېپىپ، مۇرەككەپ ھايات دولقۇنىدا ئۇچرىغان دەرد - ئەلەملىرىنى، غوۋغالىرىنى يېنىكلىتىدۇ. خۇشاللىقلىرىنى ۋە تارىخى قىسمەتلىرىنى خاتىرىلەيدۇ.

جەمئىيەت ئەدەبىياتنى سۆيىدۇ.

ئەدەبىيات كۆپىنچە ھاللاردا جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىغا يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىپ، بىر خىل ساپلاشقان ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ سەنئەت ئەسىرىگە بىر خىل بېزەك ۋە نەقىشلىك رامكا بولىدۇ. ئەدەبىيات ھەقىقەتەن كۈچلۈك. ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىختا بولغان تەسىرىنى كونكرېت مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. تارىخ بۇنى ئىسپاتلىغان. «كۆكيۇن»نىڭ كىشىلەرگە قانداق نەرسىلەرنى تونۇتقانلىقىنى، «قوزغال»نىڭ قانچىلىك جۈڭگولۇققا ئىلھام ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مۆلچەرلەش تەس. لېكىن، ھازىرقى مەدەنىيەتلىك دۇنيادا، بىر جەمئىيەت ئۈچۈن، بىر جەمئىيەت كىشىلىرى ئۈچۈن ئەدەبىيات ھەممە ئەمەس، ھەمدە ھەممە بولۇشقا تىرىشسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ھەممىدەك كۆرۈنسىمۇ ۋە كۆرۈنۈۋالسىمۇ ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ. مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيلىشىش زور دەرىجىدە ئاممىۋىلاشقان، خۇسۇسىيلاشقان دەۋردە ئەدەبىياتتىن ھەممە نېمىنى كۈتۈش يەنىلا ھەددىدىن زىيادە ئۇنىڭغا تايىنىۋېلىش، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچنى ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش، ئەدەبىيات ئارقىلىق بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تاماسىدا يۈرۈش مەلۇم دەرىجىدە ئەخمەقلىققە ياتىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا تېخىمۇ شۇنداق.

ئەدەبىياتنىڭ ۋە سەنئەتنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ئورنى، رولى، جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى ۋە ئىج-

تىمائىيلىقا بولغان فۇنكسىيەسى ئۆزگەردى. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۆزگەردى. بۇ خىل ئۆزگىرىش دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەردە ۋە قوۋملاردا ئوخشاش ھالەتتە ۋە دەرىجىدە بولمىسىمۇ، لېكىن مەدەنىيلىشىشنىڭ قەدىمىگە بىر خىل خۇسۇسىيلىشىش ۋە ئاممىۋىلىشىش ئەگەشتى.

ئەدەبىيات «قاسراق» تاشلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ باغرىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى مەۋجۇتلۇقتىكى ھەممە ئادەمگە ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ئەدەبىيات «پەرىشتە»لەرنى، ئالىيجانابلارنى، نوقۇل ھالدا ئەخلاقشۇناسلارنى ۋە دىداكتىكا نەسىھەتچىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بازا بولۇپ قالسا بولمايدۇ. بۇلارغا بىر كىشىلىك ئورۇن بەرسە بولىدۇ. ئۆتمۈشنى ئىپادىلەشمۇ ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئەمەس. ئاشۇ قېلىپقا چۈشۈرگىلى بولمايدىغان، لايىھەلەش قىيىن بولغان ئىنسان تەبىئىيىتى ھەققىدە چۈشىنىكسىز قاقشاشمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەمەس. ھازىر ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى كۆپ، لېكىن ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇنچە ئېنىق ئەمەس. بۇ كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن، ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى سىغىمىنىڭ كېڭىيىپ كەتكەنلىكىدىن كەلگەن. ئەدەبىيات بىر كەڭرى بازار. كىشىلەر ئاشۇ كىتابلاردىن ئاشۇ بازاردا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە شولىسىنى تاپالىسا، ئۆزىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ۋە مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە باشقىلارنىڭ دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ھېس قىلالىسا، ئەدەبىياتتىن نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇ نەرسىنى ئۇچرىتالىسا، ئۇ خۇددى چوڭ بىر ھالەتتىكى مەنىۋى تاللا بازىرىدەك، نۇرغۇن نەرسىلەرنى خۇسۇسىلاشتۇرۇۋالغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالىسا، ئەدەبىيات ئاندىن ھەقىقىي ھالدا بۈگۈنكى ئورنىنى تاپقان بولىدۇ.

تېمىلار «قاسراق» تاشلىشى كېرەك. ئۇنى تارىخ بوغۇپ قويسا بولمايدۇ، ئەدەبىياتتىكى ئېستېتىكا تارىخ ئارقىلىق بوغۇلۇپ قالسا بەلكىم رەڭسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھاياتتا ھەممە ئازاب ئۆتمۈشتىن، قىزلاردىن ۋە جەمئىيەتنىڭ بىز چۈشىنەلمەيدىغان كېلەڭسىز ئەندىزىسىدىنلا كەلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ مەنىسىزلىكى ۋە تۇترۇقسىزلىقى، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت تەرىپىدىن تىتماكاتاڭ بولۇشى، ئېستېكلىرى تەرىپىدىن قۇل بولۇشى، مەنپەئەت ئالدىدىكى خاراكتېر بۆلۈنۈشى ئىنساننى مۇرەككەپ قىلىۋاتقان ئەھۋاللاردۇر. بۇنىمۇ سەنئەت بەلگىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بەزى ھاللاردا مەنىسىز ۋە مەزمۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرالىشى كېرەك. ئۇ بۇرۇنقىدەك كىشىلەرگە خىيالىيلىق سوۋغا قىلسا، جەمئىيەت ۋە باشقا ئادەملەرگە نەپرەت سوۋغا قىلىشنى ئۆگەتسە، بىزدە بىر خىل باشقىلارنى يوشۇرۇن يەكلەش، چەتكە قېقىش خاھىشى يېتىشتۈرسىلا بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات تېمىلىرىمىز ئاشۇ ئاچ كۆزلەرنى، مەينەتلەرنى ۋە بۇزۇقلارنىمۇ چۈشىنىپ بېقىشى، ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ تۇترۇقسىزلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلىشى، نامراتلىقنى ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ، بايلىقنى ئاچ كۆزلۈكنىڭ، موللا ئىشانلىقنى ئالدامچىلىقنىڭ سىمۋولى قىلىۋالماسلىقى، دائىم مودا كىيىم بىلەن كىتاب ئوقۇماسلىقنى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەپ سېلىشتۇرۇشنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىقى، كىشىلەرنى «پەرىشتە»گە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنماسلىقى، ئاشۇ قات - قېتىدىن چوۋۇلۇپ كېتىۋاتقان گاراڭ ئادەملەرگە قاراپ ئۆكسۈپ يىغلاپ بېقىشى كېرەك. تۈزۈلمە ئىدىيولوگىيە ۋە مەدەنىيەتتىن خالىي ئازاب ئوقۇبەتلەرنىمۇ سىدام قىلىپ بېقىشى لازىم. ھەممىدىن مۇھىمى ئەدەبىياتتا بولغان قىزغىنلىق ھاياتتا بولغان قىزغىنلىقتىن، ئادەملەرگە بولغان قىزغىنلىقتىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**نەقىل مەنبەلىرى**

[1] «دۇنيا ئەدەبىياتى» 2009 - يىللىق 2 - سان، «بۈگۈنكى فرانسىيە» ژۇرنىلى بىلەن كلېزيونىڭ سۆھبىتىدىن ئېلىندى.

[2] نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، رەيھانگۈل ئابدۇللا: «ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ تاپتىم ئۆزۈمنى»، يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن سۆھبەت. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010 - يىللىق 1 - سان.

[3] ئايبېك: «نەۋايى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى. بۇ جۈملە مەزكۇر كىتابتىن ئۆزلەشتۈرۈلدى.

[4] بۇ مىسرا ھاپىزنىڭ غەزىلىدىن ئۆزلەشتۈرۈلدى.

[5] ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ يېزىلىۋاتقان «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىلىم» دېگەن كىتابىنىڭ پارچىسىدىن ئېلىندى.

[6] ئابدۇرېھىم دۆلەت: «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل 5 - ئاي نەشرى، 53 - بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بۈگۈنكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى



تۇرسۇن قۇربان تۇركەش

# نەۋايىنىڭ «يوللۇق ياغلىق»لىرىكىسىدىكى رەڭلەر جۇلاسى

ئەلشىر نەۋايىنىڭ «خەزايىنۇل مەئانى» ۋە «خەمسە» قاتارلىق قامۇسى دىۋانلىرىنى ھەر تەرەپتىن ئىرىق - ئۆستەڭلەر ۋە تارام - تارام دەريا - ئېقىنلار قوْيۇلۇپ تۇرىدىغان سېھىرلىك دېڭىزغا ئوخشىتىشىمىز مۇمكىن. شائىر بۇنداق بەدىئىي چەكسىزلىكنىڭ نەققىشىنى چەككەندە داستانلىرى ۋە تارىخىي ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى لىرىكىلىرىدىمۇ خەلقىمىزنىڭ نەققاشلىق، ئويمىكارلىق، زەردازلىق قاتارلىق فولكلورىستىك قول ھۈنەر - سەنئەت ئادەتلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار قاراتقان.

«خەزايىنۇل مەئانى»دا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان سەنئەت تۈرلىرى شېئىرى خام ماتېرىيال قىلىنىپ، يېزىلغان لىرىكىلار نۇرغۇن. بىزنىڭ مۇلاھىزە قىلماقچى بولغىنىمىز «فەۋەيدۇل كىبەر» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن بىر غەزەل. بۇ يەتتە بېيتتىن تۈزۈلگەن «قىل» رادىفلىق ئوتلۇق سۆيگۈ لىرىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەشۇقنىڭ ئاشىقىغا ئاتاپ قول ياغلىق توقۇپ يالداما قىلىشتەك مەنىلىك ۋە جانلىق تۇرمۇش كۆزنىكى نەزمى تىلغا كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا بىز «ياغلىغىڭ، ئەيكىم، تىكەرسەن»



سەترىسى بىلەن باشلىنىدىغان بۇ غەزەلنى «يوللۇغ ياغلىق» لىرىكىسى، دەپ ئاتىدۇق.

«ياغلىغىڭ، ئەيكىم، تىكەرسەن، ئىگنە مۇژگانىمنى قىل،
نەقش ئېتەردە تارى ئانىڭ رىشتەئى جانىمنى قىل.»

نەۋايىنىڭ پىكرىچە، غەزەلنىڭ مەتلەسى ياكى باشلانما بېيتىدا، شائىرنىڭ ئەنئەنەلەرگە مۇناسىۋىتى ۋە خاس ئىجادىيىتى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇشى زۆرۈر. مەزكۇر غەزەلنىڭ باشلانمىسىدىن ئايانكى، شائىر بىر قىسىم مەشھۇر غەزەللىرىگە ئوخشاش مەتلەدە مەزمۇن ۋە بەدىياتىنىڭ ئۆزگىچە ھەم يۇكسەك بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئاساسىي پىكرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن سەنئەتكار غەزەلنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى تەمىن ئەتكۈچى جانلىق ئوبراز، يېگانە تەسۋىر ئوبيېكتى بولغان «يوللۇغ ياغلىق»نى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلغان.

بېيتتا لىرىك قەھرىمان «ئەي، مەشۇق، ئاشىقىڭغا يوللۇغ ياغلىق سوۋغا قىلماقچى بولساڭ كىرپىكلىرىڭنى يىڭنە، جېنىڭنى رىشتە قىلىپ كەشتىلە» دەپ خىتاب قىلماقتا. بىز غەزەلنىڭ باشلانمىسىغا قاراپ، كۆڭلىگە مۇھەببەت ئوتى چۈشۈپ مەڭزلىرى قىزارغان قىزنىڭ ئاخشامدىكى چىراغ نۇرىدا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە كەشتىچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز. باشلانمى-

ىدىن كېيىن شائىر لىرىك قەھرىماننىڭ پىكىر يولى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلماقتا.

«ئىستىسەڭ تارىن قىزىل، ياخود قارا قىلماققە رەڭ،
كۆز قاراسىن ھەل قىلىپ، كۆزدىن ئاقار قانىمنى قىل.»

قىز ـ ئانىلىرىمىزدا قەدىمدىن بۇيان دوپپا، كۆڭلەك، ياستۇق قېپى ۋە قول ياغلىق كەشتىلەپ ئۇنى سۆيگەن يارىغا ياكى سەپەردىكى يىگىتكە يالداما قىلىش ئەنئەنىسى داۋاملاشقان. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قىزلارنىڭ نازاكىتى، دىتى، تەربىيەسى ۋە مەنىۋى گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ياغلىق رەڭگارەڭ يىپلار ئارقىلىق كەشتىلىنىپ، رەڭلەر جۇلاسى يارىتىشى كېرەك. بۇ ھالەتنى سۆز گۆھەرشۇناسى نەۋايى «يىپلىرىڭ كۆزۈمنىڭ قارىسىدەك، ھىجراندىن ئاققان قانلىق ياشلىرىمدەك قىزىل بولسۇن!» دەپ بۇيرۇماقتا. لېكىن نۆۋەتتە لىرىك سۇبيېكتنىڭ پىكرى داۋاملىشىپ، ھەر رەڭدىكى يىپلاردىن ئەمدى گۈللەرگە كۆچكەن.

«گەر دېسەڭ ھەريان قىزىل گۈللەر قىلاي نۇسخەت ئاڭا،
كۆكسۇم ئاچىپ، تازە قانلىغ دېغى ھىجرانىمنى قىل.»

قىزىلگۈل دېگەن كۆكگۈل. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەسلىي ئۇ ئاق لالە بولغان. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ دالادىكى مەنىۋى قوشۇلۇشىدىن ھايا ئىستەپ قىزارغان ئاقلالە قىزىلگۈلگە ئايلانغان. يوللۇغ ياغلىققا گۈللەر نەقىشلەنگەن. نەۋايىنىڭ پىكرىچە، ياغلىقتىكى گۈل كۆكسىنى يىرىپ، يۈرىكىنى قول ياغلىققا كۆچۈرگەن مەشۇقنىڭ ھىجراندىكى ساداقىتى، ئۇنىڭ باغرىدىن چاچرىغان قانىنىڭ داغ قالدۇقى ئىدى. غەزەلدە ھەر بىر بېيىت ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بېيىتنىڭ مەنتىقى ۋە ئىزچىل راۋاجى سۈپىتىدە داۋام قىلماقتا.

«غۇنچىلەر گۈل يانىدا تىكمەك تەخەييۇل ئەيلەسەڭ،
ئاڭا نۇسخەت كۆكگۈل ئاتلىق زارى ھەيرانىمنى قىل.»

بۇ يەردە شائىر ئۆز شېئىرى بىلەن ئويچان ۋە غەمكىن ھالەتتە پىچىرلاشماقتا: «ئەگەر گۈللەر يېنىغا ئېچىلىپ تۇرغان غۇنچىنىمۇ چەكمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا مۇڭلۇق كۆكگۈل ھەيرانلىقىمنى نۇسخا قىل. بۇ مېنىڭ ۋىسال تەشنالىقىمغا بولغان نالە ـ زارىمنىڭ ئەستىلىكى بولۇپ قالسۇن!» شائىرنىڭ ھېسسىياتى ۋە پىكرى خۇددى ئانار دانىچىلىرىدەك غەزەلدىكى بىردىنبىر شېئىرىي ئوبراز «يوللۇق ياغلىق»نى يادرو قىلىپ زىچلىققا ئىگە بولماقتا، جۇلالانماقتا! غەزەلدە مۇھەببەت ياغلىقىنىڭ بارچە خۇسۇسىيەتلىرى تەدرىجىي كېڭىيىپ بارماقتا.

«گەر دېسەڭ ھەريان پەرى شەكلىن نەمۇدار ئەيلەيىن،
ۋەھ، نە نەۋا، ئەيتاي ۋەلى مەنزۇر جانىمنى قىل.»

لىرىكىدىكى مەنىۋى پىكىر شىددەتلىنىپ ئوتتۇرا باسقۇچقا يەتكەندە، ئۇنىڭدىكى ئىندىۋىدۇئال ئومۇمىيلىق بولغان لىرىك قەھرىماننىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىمۇ شۇنىڭغا ماس ئېچىلماقتا. شائىر تەسۋىر ئوبيېكتىنى پەللىمۇ ـ پەللە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، گۈلنىڭ ئەتراپىدا ئەگەر بىر پەرىنىڭ سۈرىتىنى نامايان قىلىپ، قول ياغلىق ئارقىلىق مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان جانلىق مەنزىرىنى ئاشىقا يوللىماقچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇ يەرگە مېنىڭ جېنىمنى، يەنى مېنى سىزىپ قوي، دەپ ئۆتۈنمەكتە، نالە قىلماقتا. يۇقىرىقى مىسرالاردا نەۋايىنىڭ لىرىك قەھرىمانلاشقان ئاشىقلىقىنى ھېس قىلساق، غەزەلنىڭ بۇ بۆلىكىدە ئېستېتىك سۇبيېكتنىڭ نەۋايىلاشقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمدى شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى يوللۇغ ياغلىققا كەشتىلەنگەن گۈل، غۇنچە ۋە پەرىشتىدىنمۇ گۈزەللىكتە مەنىۋى قانائەتسىزلىك ھېس قىلماقتا. شۇڭا بۇ ياغلىققا شېئىر چېكىپ قويۇش ھەققىدىكى مۇنداق نىدانى ئاڭلايمىز.

«قىلساڭ ئول ياغلىق ئارا بىر شېئىر ھەم يازماق ھەۋەس،
ئاندا ھەريان نەقش بۇ نەزمى پەرىشانىمنى قىل.»

شۇنداق يوللۇغ ياغلىق بىر مۇھەببەت لىرىكىسى! ئۇنىڭدا گۈل، غۇنچە، سۆيگۈ شارابىدىن مەست بولغۇچى ئىنسان سىماسى ۋە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئىزھارى بولغان شېئىرى پۈتۈلگەن. غەزەل بىلەن غەزەلنىڭ ئىچىدىكى شېئىرىي ئوبراز جان بىلەن جاناندەك بىر ـ بىرىنىڭ باغرىدا سىڭىشكەن. دېمىسىمۇ شائىرنىڭ ئونلىغان لىرىكىلىرى زامانىسىدىن ھازىرغىچە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مەكتۇبلىرى ۋە قىممەتلىك يالدامىلارنىڭ قاتلىرىدىن ئورۇن ئالغان، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى شاد ـ ئەلەملىرىنىڭ ھەمراھى بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن غەزەل مەتلەسى ئارقىلىق ئاخىرقى پەللىسىگە يېتىپ، شائىر كۆپ ۋاقتىنى بىرى گېلىدا تۇرۇپ قالغان نەرسىنى چىقىرىۋەتكەندەك بولغان.

«ئەي نەۋايى، كىمكى بۇ ياغلىقنى تىكسە يار ئۈچۈن،
مۇژدە جانىم جەۋھەرىيۇ نەقدى ئىمانىمنى قىل.»

تۈگەللەنمە غەزەلنىڭ خۇلاسىسى. ئۇنىڭدا لىرىك قەھرىماننىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق شائىرنىڭ غەزەل

يېزىش پىلانى تاماملانغان. مەتلەدە شائىر تەخەللۇسنى ئۈچىنچى شەخستە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ يالدامىسى بولغان يوللۇغ ياغلىقنى ئۇلۇغلىغان. ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىدىغان قەسىمنى ئىزھار قىلغان. بەلكىم مەزكۇر لىرىكا ئۇلۇغ شائىرنىڭ يىگىتلىك يىللىرىدىكى بەختسىز مەشۇقى گۈلىدىن يادىكار نەقىشلىق قولياغلىقتا ئوقۇلغان مۇھەببەت قەسىدىسىدۇر!

قىسقىسى، غەزەلدە لىرىكا سەنئەت ۋە ئېتنوگرافىيە بىلەن ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەن. قىلقەلەم شائىر مەشۇقىنىڭ يارىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ساداقىتى، ھىجران ئازابى ۋە ۋىسال ئىشتىياقىنى ئىپادىلەشتە ئۇنىڭ ئاددىي ھاياتىمىزدىكى يوللۇغ ياغلىق كەشتىلەپ، يالداما قىلىش سەنئىتىدىن يۇقىرى ماھارەتتە پايدىلانغان. قارا، سېرىق ۋە يېشىل رەڭلەرگە قىزنىڭ گاھ - گاھ قوللىرىغا ياق، كۆز گۆھىرى ياكى يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلىپ كەتكەندىكى قىزىل قانلار قوشۇلۇپ، ئاق ماتا گۈلدەستىگە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر غەزەلنى كەشتىچىلىك سەنئىتىنىڭ ئوبرازلىق تەسۋىرى، نوقۇل نەزمىلا ئەمەس، «يوللۇغ ياغلىق» سۆزىنىڭ كەڭ مەنىدە سەنئەت ئەسەرى تۇسىنى ئېلىشى يەنى «رەسىملەشكەن شېئىر» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى، نەۋايى شائىرلا ئەمەس، بەلكى «زەنجىرلەنگەن» رەسساممۇ ئىدى.

بەدىئىيلىكگە كەلسەك، «يوللۇغ ياغلىق» لىرىكىسى نەۋايى غەزەللىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭ تۈرى بولغان ئاشىقانە غەزەللەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. مىسرالىرىنىڭ شەكىل ۋە مەنىۋى باغلىنىشىغا ئاساسەن ئۇ زەنجىرسىمان (مۇسەلسەل) غەزەلدۇر. ئارۇزنىڭ رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف ۋەزنىدە يېزىلغان. غەزەلدە شائىر پەقەت «كەشتىچى قىز» ئوبرازىنى مەركەز قىلىپ، بېيىتلارنى مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن باغلاش ئارقىلىق ۋەقەلىك ھاسىل قىلغان ياكى مەنتىقى ئىزچىللىقتا ئاساسلانغان پىكرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ياغلىقنىڭ تەدرىجىي ئېچىلغان خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق مۇكەممەللىك ياراتقان. نەۋايى بۇنداق ئىزچىللىق ئۈچۈن غەزەلدە بەدىياتتىكى تەدرىج سەنئىتىنى قوللانغان. قول ياغلىق، ئۇنىڭ توقۇلۇش جەريانى ۋە كەشتىچىلىكنىڭ تاماملىنىشىنى ئىپادىلىگۈچى مىسرالارغا سىڭگەن لىرىك قەھرىمان — قىز دىل ئىزتىراپلىرىنىڭ ئېچىلىش جەريانى ئەمەلىيەتتە شائىر غايىۋى پىكرىنىڭ تەدرىجىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈش جەريانى بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەدىئىي سۆز ئۇستىسى لىرىكىغا خىتاب ۋە بۇيرۇش سەنئەتلىرىنىمۇ تەدبىقلىغان. «قىل» رادىفى غەزەلنىڭ قۇرۇلمىسىنى قېلىپلاپ، ئاساسىي ئاھاڭىنى بەلگىلىگەن. شائىر بۇ سۆز ئارقىلىق قىزغا مۇراجىئەت قىلىپ، لىرىك تەسۋىر ۋە پوئېتىك ئوبرازنىڭ جانلىق، تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇشىنى؛ پىسخىك كۆچۈرمە ۋە ئىچكى مۇلاھىزىلىرىنىڭ مىسلىسىزلىكىنى تەنتەنە قىلغان.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئەلشىر نەۋايى: «غەزەللەر» (تېيىپجان ئېلىيوف نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى.

2. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.

3. «فەۋەيدۇل كىبەر» (مۇھەممەدتۇردى مىرزائەھمەد نەشرگە تەييارلىغان)، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىل نەشرى.


---

ئاپتور: دوكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى

بۇ ساننىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارائېكىن (تەكلىپلىك).



# مىللىي مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

4) شىنجاڭدا قوش تىل مائارىپىنى يولغا قويۇشقا دائىر سىياسەت - بەلگىلىمىلەر

2004 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «قوش تىل مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، «قوش تىل» مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ فاڭجېن ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى، ئۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆججەت. 2005 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى، خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى «ئاز سانلىق مىللەتلەر يەسلى مائارىپىدا ‹قوش تىللىق› ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، «قوش تىل» مائارىپىنىڭ دائىرىسىنى يەسلى باسقۇچىغا كېڭەيتتى. 2008 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى، خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى «ئاز سانلىق مىللەت يەسلىلىرى ۋە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ‹قوش تىل› مائارىپىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، «قوش تىل» مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى سىياسەت - تەدبىرلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى.

2010 - يىلى مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭدىكى «قوش تىل» مائارىپى دۆلەت ئىستراتېگىيەسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىن مائارىپ مىنىستىرلىقى قاتارلىق مىنىستىرلىق، كومىتېتلار بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ ‹قوش تىل› مائارىپى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ «قوش تىل» مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە دائىر سىياسەت - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2011 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يەسلىلىرى ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ «قوش تىل» مائارىپىنىڭ تەرەققىيات پىلانى (2010 - يىلىدىن 2020 - يىلىغىچە)»نى ئېلان قىلىپ، «قوش تىل» مائارىپىنىڭ كەلگۈسى ئون يىلدىكى يېتەكچى ئىدىيەسى، ئاساسىي پرىنسىپى ۋە نىشانى، ۋەزىپىلىرىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كونكرېت خىزمەت تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ، كاپالەت مېخانىزمىنى ئايدىڭلاشتۇر-

زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىيالوگى

دى. پىروگراممىا خاراكتېرلىك بۇ ھۆججەتنىڭ ئېلان قە-
لىنىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ «قوش تىل» مائارىپىنىڭ تە-
رەققىياتى ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

5) شىنجاڭدا «قوش تىل» مائارىپىنى يولغا قو-
يۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

بىرىنچى، «قوش تىل» مائارىپى ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق
يولى ۋە ۋاستىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان،
شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئۈچقاندەك
تەرەققىي قىلدى. ئەمما تارىخ ۋە تەبىئىي شارائىت قا-
تارلىق سەۋەبلەر، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ما-
ئارىپىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇش، تەرەققىيات تەكشى
بولماسلىق تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ
ئەلا سۈپەتلىك مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشال-
مىغانىدى. «قوش تىل» مائارىپى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ
ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىنى
قاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەربىيە-
لەش شەكىللىرىنى كۆپەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ما-
ئارىپى ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى-
نى ئىلگىرى سۈردى. «قوش تىل» مائارىپى ئۈچ تۈر
يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇتۇش بايلىقىنى مول لاشتۇ-
رۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئېڭى ۋە ئوقۇتۇش
مېتودىنى ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.
«قوش تىل» مائارىپى ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر
مائارىپىنىڭ سۈپىتى ئۆستى. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇ-
غۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە «قوش تىل» ئىقتى-
دارى ياخشىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە
ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ماسلىشىش ئىقتىدارى كۈچەيدى.
شۇڭا «قوش تىل» مائارىپى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائا-
رىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى ۋە ۋاس-
تىسى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ سۈ-
پىتى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كاپالىتى.

ئىككىنچى، «قوش تىل» مائارىپى شىنجاڭنىڭ
ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرد-
دۇ. ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى تەرەققىي قىل-
دۇرۇشتا پەن - تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىقلار ئاچقۇچ،
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى پەن -
تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىش-
تۈرۈش - يېتىشتۈرەلمەسلىككە باغلىق. شىنجاڭ كۆپ
مىللەتلىك رايون، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ
60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدا ئىجتىمائىي ۋە
ئىقتىسادىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ۋە ئورتاق تىرىشىشى-
دىن ئايرىلالمايدۇ، يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق
مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن تېخىمۇ
ئايرىلالمايدۇ. «قوش تىل» مائارىپىنى يولغا قويۇش
ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى
ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، لاياقەتلىك قۇرغۇچىلارنى
كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئەقلىي تايانچ ۋە ئىختىساس ئە-
گىلىرى كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. «قوش
تىل» مائارىپى «مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش -
ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش - ئىجتىمائىي، ئىقتىسا-
دىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت ياخشى،
سۈپەتلىك ئايلىنىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى، ئۇنىڭ رولى
مۆلچەرلىگۈسىز.

ئۈچىنچى، «قوش تىل» مائارىپى مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىق.
جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دۆلەت-
نىڭ بىرلىكى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئاساسى. مىللەت-
لەر ئارا ئۆزئارا چۈشىنىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئا-
ساسى، ئالاقە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۆزئارا چۈ-
شىنىشنىڭ ئاساسى. تىل، بولۇپمۇ دۆلەت بويىچە قوللى-
نىلىدىغان تىل - ئالاقە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ
قورالى. «قوش تىل» مائارىپى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار-
دا بىر قەدەر يۇقىرى ئومۇمىي ساپا ۋە مەدەنىيەتكە
ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش
نىسبىتىنى ئۆستۈرگىلى، ئىگىلىك تىكلەش قابىلىيىتىنى
كۈچەيتكىلى بولىدۇ - دە، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى
ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ - چوڭ خەلق تۇرمۇ-
شى مەسىلىلىرى ھەل قىلىنىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى
ئۈچۈن ئاساس تىكلىنىدۇ.

«قوش تىل» مائارىپىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ «قوش
تىل» ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئىقتىدارىنى
يېتىلدۈرۈش ئاساسىي نىشان قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ
ئوقۇغۇچىلاردا دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى ۋە مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىنى يېتىشتۈرۈشكە، باشقا مىللەت

كىشىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا، ھەرقايسى مىل-
لەتلەر ئۆزئارا سۆيۈنۈش، ئۆزئارا چۈشىنىشتەك ياخشى
كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق. ئۇ مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئۇل تېشى،
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، مەركەزگە ئىن-
تىلىشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىل-
لەتلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم ئىستراتېگىيە-
لىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆتىنچى، «قوش تىل» مائارىپى جۇڭخۇا مىللەتلە-
رىنىڭ مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش-
كە پايدىلىق. «قوش تىل» مائارىپىدا زامانىۋى مەدە-
نىيەت يېتەكچى قىلىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيە-
تىنىڭ جەۋھەرلىرى ھەرقايسى پەن ئوقۇتۇشقا سىڭدۈ-
رۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ئۆزلە-
شىشى كۈچەيتىلىدۇ؛ «قوش تىل» مائارىپىدا كۆپ مەن-
بەلىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىي مەقسەت
قىلىنىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى
ۋە ئالاقىسى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەر
ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا سۆيۈ-
نۈپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق گۈللىنىش، ئىلگىرى-
لەش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، شۇڭا ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى
مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە پاي-
دىلىق.

بەشىنچى، جاپانىڭ تېگى ئالتۇن، دېگەندەك،
«قوش تىل» مائارىپىنى يولغا قويۇش جاپاسى ئالدىدا،
ھالاۋىتى كەينىدە ئۇلۇغ ئىش. «قوش تىل» مائار-
پى دۆلەتنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش
بولۇپلا قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىل-
دۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى داۋاملاش-
تۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى، «تۆت
مايىللىق»نى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭمۇ مۇقەررەر يولى.

**ئىككىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىش**

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز دۇنيادىكى تارىخى ئۇزاق مەدە-
نىيەتلىك قەدىمكى دۆلەت. ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە
ئەقىللىك، ئىشچان، باتۇر جۇڭخۇا مىللەتلىرى نامى
ئۆچمەس، سەلتەنەتلىك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بەرپا
قىلدى. ھەرقايسى مىللەتلەرمۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى
بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئۆز تۆھپىسىنى
قوشتى. كۆپ مەنبەلىك، بىرلىككە كەلگەن بولۇش
جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى، شۇنداقلا
جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشىنىڭ ھايا-
تىي كۈچى.

**1. مەدەنىيەت ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى**

**1) مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى**

مەدەنىيەت بىرەر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ تارىخى،
جۇغراپىيەسى، تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى،
ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەدە-
بىيات - سەنئىتى، ھەرىكەت مىزانى، تەپەككۇر شەكلى،
قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى ئادەم. ئادەم پەيدا بولۇپ،
تارىخ پەيدا بولدى، مەدەنىيەتمۇ بار بولدى. ئادەتتە-
كىچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت مەنە جەھەتتىن كەڭ مەنىدى-
كى مەدەنىيەت ۋە تار مەنىدىكى مەدەنىيەت دەپ ئاي-
رىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ تەبى-
ئەت ۋە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش يولىدىكى بارلىق
ئاڭلىق پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.
تار مەنىدىكى مەدەنىيەت تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە
ئىدېئولوگىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەنىۋى
مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ.

مەدەنىيەت دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ جان تومۇرى،
مەدەنىيەت گۈللەنسە، دۆلەت گۈللىنىدۇ، مەدەنىيەت
قۇدرەت تاپسا، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. جۇڭخۇا مىل-
لەتلىرى مەدەنىيەتكە بولغان ئاڭلىقلىقنى، ئىشەنچنى
كۈچەيتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە
كۈچ - قۇۋۋىتىنى مۇجەسسەملىگەندىلا، جۇڭخۇا مىللەت-
لىرى مەدەنىيىتىدە ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىپ،
ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىغان، گۈللەنگەن
ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ.

**2) مىللەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى**

مىللىي مەدەنىيەت مىللەتلەر ئۆز تەرەققىياتى جەر-
يانىدا ياراتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان، شۇ مىللەتنىڭ
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەت بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ

تارىخىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى، جۈملىدىن ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە تۈزۈم مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز دەۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت مىللەتنىڭ تارىخ جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن روشەن خاسلىققا ئىگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قارىتىلغان.

مىللەت ۋە مەدەنىيەت زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەدەنىيەت ئادەم تەرىپىدىن بارلىققا كېلىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بىللە، مۇئەييەن رايون ۋە مۇئەييەن تارىخىي جەرياندا پەيدا بولىدۇ. مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىنسانلار ئورتاق گەۋدىسى، تارىخىي جەريان ۋە ئورتاق مەدەنىيەت شارائىتى بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت مىللەتنىڭ ئاساسى، ياشاش ئۇسۇلىنىڭ ئىنكاسى، مىللەت مەدەنىيەتنىڭ ئىگىسى؛ مەدەنىيەت تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىللەتنىڭ ياشاش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ، مىللەت مەدەنىيەتنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەتنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىنى قامدايدۇ؛ مەدەنىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى مىللەتنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ، مىللەتنىڭ مۇقىملىقى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، مىللىي مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە مەدەنىيەت مىللىي شەكىلدىكى كونا مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش، كونا مەدەنىيەتتىكى بەزى مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلىش، بەزى مەزمۇنلاردىن ۋاز كېچىش ۋە يېڭى مەدەنىيەت پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن.

3) جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلىشىش جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. كۆپ مەنبەلىك دېگىنىمىز، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقىغا، بىر گەۋدىلىشىش دېگىنىمىز، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئارىسىدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قان بىلەن گۆشتەك ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىغا قارىتىلغان. 56 مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى كەم بولسىمۇ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە دەخلى يېتىدۇ. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلىشىش، ھەممىنى تەڭ قوبۇل قىلىش ۋە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمىسى. ئۇزاق تارىخىي مۇساپە داۋامىدا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق بەرپا قىلغان ھەمدە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ۋاستىسىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، مەنىۋى مەدەنىيىتى يېتىلدۈرۈلۈپ، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى، يۇغۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىدە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىقىمۇ، شۇ مىللەتنىڭ خاسلىقىمۇ بولغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، مىللەتلەر ئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزئارا سىڭىشكەن قويۇق مۇناسىۋەت بارلىققا كەلگەن.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلىشىش ئالاھىدىلىكى كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلەردىن شەكىللەنگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ۋە زىچ ئالاقىلىشىش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ ئاساسى. جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز زېمىنىنى ئورتاق ئېچىش، ئۆز يۇرتىنى ئورتاق قوغداش، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇشىنىڭ ئىچكى سەۋەبى؛ جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرىنىڭكىنى قوبۇل قىلىشى ۋە بىر ـ بىرىگە مايىللىشىشى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەگە، يەنە مىللەت خاسلىقىغا

ئىگە بولۇشى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر گەۋدىگە
ئايلىنىشىنىڭ مۇھىم شەرتى. شۇڭا جۇڭخۇا مىللەتلىرى
تارىخى بىر - بىرىگە ئۇلانغان، تەقدىرى بىر - بىرىگە
باغلانغان بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر - بىرىنى تو-
لۇقلىغان مۇناسىۋىتى قان بىلەن گۆشتەك قويۇق، مە-
دەنىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە سىڭىشكەن ۋە سىياسىي
جەھەتتە ئورتاق مەنپەئەتدار بولغاچقا، جۇڭگودىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىر گەۋدى-
گە ئايلىنىپ، دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە ئاز سانلىق
مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مىللىتى مەدەنىيىتى
ئۆزئارا زىچ ئالاقىدە بولۇپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆر-
سىتىپ، بىر - بىرىدىن پەرق ئەتكۈسىز مۇناسىۋەتنى
شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى
ۋە تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. مىللەتلەر
ئارىسىدا ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جۇڭخۇا مە-
دەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ
پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن. تارىختىن ئايانكى، ھەر قې-
تىملىق مىللەتلەر قوشۇلۇشتىن كېيىن، جۇڭخۇا مەدەنىيە-
تى مىسلىسىز گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا
كىرىپ، بىپايان زېمىنغا ئىگە، جەسۇر چىن، خەن سۇلا-
لىسى، سەلتەنەتلىك تاڭ سۇلالىسى، قۇدرەتلىك كاڭشى،
چيەنلۇڭ دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ،
جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدە تازا گۈللەنگەن بىر نەچچە
مەزگىل بولغان.

جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى
جۇڭخۇا مەدەنىيەت گۈلزارىدىكى خۇش پۇراق گۈل.
بۇ گۈللەر بەس - بەستە خۇش پۇراق چېچىپ، جۇڭخۇا
مەدەنىيىتىنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچىنى دۇنياغا
ئورتاق نامايان قىلماقتا. مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىر -
بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس
ئارتۇقچىلىقى، ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئالايلۇق خەنزۇ
مىللىتىنىڭ يازما ئەدەبىياتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان
بولۇپ، قەدىمىي كىتاب، ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ، ۋا-
ھالەنكى، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى
خەنزۇ مىللىتىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھەجىم جەھەت-
تە دۇنيادىكى ھەرقانداق داستاندىن چوڭ بولغان موڭ-
غۇللارنىڭ «جاڭغىر داستانى»، زاڭزۇلارنىڭ «گېسار-
خان داستانى»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس داستانى» ئېلى-
مىز ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ «قەھرىماند-
لىق داستانى» دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇپ، ئۇ جۇڭگو
ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىغا قوشقان مۇھىم تۆھپى-
سى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئېغىز تىلى 80 خىلدىن ئاشىدۇ. ئويۇن سەنئىتى
نەچچە ئون خىلغا، ئۇسسۇل سەنئىتى نەچچە 100 خىلغا
يېتىدۇ. ئۇيغۇر، چاۋشيەن، دەيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر-
نىڭ ئۇسسۇلى ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، نەپىس،
گۈزەل قىياپىتى بىلەن ئېلىمىز سەنئەت سەھنىسىدە تې-
گىشلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. نەي، غېجەك، چارتار
(پىپا) قاتارلىق ئەڭ دەسلەپ ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىدا پەيدا بولغان چالغۇ ئەسۋابلار ھازىرمۇ ئېلىمىز
مىللىي چالغۇ - ئەسۋابلىرى ئارىسىدا كەم بولسا بولماي-
دىغان دائىملىق چالغۇ ئەسۋابلار قاتارىدىن قالغىنى
يوق. ھەيۋەتلىك بودالا ئوردىسى، گۈزەل، سىرلىق
لىجياڭ قەدىمكى شەھىرى جۇڭخۇا بىناكارلىقىنىڭ
مەشھۇر ۋەكىلى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.
ناشى مىللىتى ئىجاد قىلغان دۇڭبا يېزىقى دۇنيا بويىچە
ئەڭ مۇكەممەل، قوللىنىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق تەسۋى-
رىي يېزىق بولۇپ، چىغىناق - تارغاق يېزىقى (جياگۇ
يېزىقى) بىلەن بىللە ئېلىمىزنىڭ ئىككى چوڭ ئەتىۋار-
لىق قەدىمكى يېزىقى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتتىكى بۇ ئارتۇقچىلىقلى-
رى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى
سۈپىتىدە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدە پورەكلەپ ئېچىلغان
گۈل بولۇپلا قالماي، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى
دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالاھىدە تۆھپە ھېسابلىنى-
دۇ.

**2. شىنجاڭ مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيە-
تى**

1) شىنجاڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.
كۆپ خىل مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى. كۆپ مىللەت-
نىڭ بىللە ئولتۇراقلاشقانلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ ياۋروپا -
ئاسىيا قۇرۇقلۇقى تۇتاشقان جايغا ئورۇنلاشقانلىقى
شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشدەك ئالا-
ھىدىلىكىنى بەرپا قىلىپلا قالماي، كۆپ خىل مەدەنىيەت

ئۆزئارا ئالمىشىش ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلاشتەك شىنجاڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكنىمۇ بەرپا قىلغان. شىنجاڭ مەدەنىيىتى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق مەزگىل ئالاقە قىلىش، قوشۇلۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلتۈرگەن مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار، خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلىشىش شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئالاھىدىلىكى. «كۆپ مەنبە» دېگەندە شىنجاڭ كۆپ مىللەت، تۆت چوڭ مەدەنىيەت ئۇچراشقان جاي، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىللىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئالايلۇق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈندىن-كۈنگە قويۇقلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكى بارلىققا كېلىپ، «كەتمەن»، «نېرىن»، «دومبىرا»، «بازار» قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئاتالغۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئىشلىتىدىغان سۆزگە ئايلاندى. شىنجاڭدىكى خەنزۇلار خەنزۇچە ئاتالغۇسى بار بەزى سۆزلەرنىڭ خەنزۇچىسىنى قوللانماي، ئۇيغۇرچىسىنى قوللىنىدىغان، ئۇيغۇرلارمۇ بەزى سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان بولدى، «بىر گەۋدىلىشىش» دېگەندە بىز بىر ئورتاق مەنىۋى ماكاندا ياشاۋاتىمىز، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر-بىرىدىن قوبۇل قىلىپ، بىر گەۋدىگە ئايلانغان مەدەنىيەت.

2) شىنجاڭ مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئوخشاشلا كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن مەدەنىيەت. كۆپ مەنبەلىك بولۇشى مىللەت كۆپلۈكتىن بولغان، بىر گەۋدىلەشكەنلىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۆزئارا ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا سىڭىشكەنلىكىدىن بولغان. شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئورتاق مەنپەئەتلىنىش، ئۆزئارا كىرىشىش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شىنجاڭ مەدەنىيىتى شىنجاڭ رايونىغىلا ياكى مەلۇم بىر مىللەتكىلا تەۋە ئەمەس. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تارىختىن بۇيانقى ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا، تىل، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە بىر قەدەر قويۇق ئالاقىدە بولغان ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداق بولغاچقا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ تۇرغانلىقىدەك روشەن ئالاھىدىلىكنى كۆرەلەيمىز.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مىللىتى مەدەنىيىتى ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلغۇسىز مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغان. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان. قەدىمكى ئۇيغۇر شائىرى كەكمەنېر «خەنزۇلاردىن ئۇستاز تۇتتۇم» دېگەن بولسا، خەنزۇلاردا «ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەكنى كىيىش، ئۇيغۇر ئېتىغا مىنىش» قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا باشتىن-ئاخىر سىڭگەن. مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت ئالاقىسىدا خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن غېجەك، پەرغانە ئېتى قاتارلىق كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ماددىي نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇزاقتىن بۇيان تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتقان خەنزۇ خەلقى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان يول ئېچىش ئېڭى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ھەممىنى سىغدۇرىدىغان كەڭ قورساقلىقنى ئۆگىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ۋە تاماكۇللاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا، چوكا ئىشلىتىش جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ روشەن بەلگىسى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلار ئومۇميۈزلۈك

چوكا ئىشلىتىدىغان بولدى. تاماقنى قول بىلەن، ياغاچ قوشۇق بىلەن يېيىشنى تاشلاپ، چوكا ئىشلىتىشكە ئۆتتۈش (چەت ئەللەردىكى قازاق، قىرغىزلار ھازىر غەربلىكلەرگە ئوخشاش ۋىلكا، ئارا ئىشلىتىدۇ). ئەزەلدىن ھۆكۈمەت ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان ئەمەس. ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قاچاندىن باشلاپ چوكا ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق، ئەمما جۇڭخۇا مەدەنىيىتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئەنە شۇنداق ئاستا - ئاستا بىلىندۇرمەي سىڭىپ كىردۋاتىدۇ.

### 3. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشنى كۈچەيتىش

1) مەدەنىيەتنى تونۇش

مەدەنىيەتنى تونۇش بۈگۈنكى دۇنيادا زامانىۋىلىق مۇساپىسىدىكى ئومۇمىيلىققا ئىگە تېما. تونۇش دېگەندە بىر - بىرىگە يېقىنلىق ھېسسىياتىدا ياكى ئۆزلىشىش ھېسسىياتىدا بولۇپ، ئۆزئارا بىر-بىردەك، ئوخشاش دەپ قاراش ياكى بىر - بىرىنى ماقۇللاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەدەنىيەتنى تونۇش ئادەتتە «تەبىئىي مىللەت» («ئەنئەنىۋى مىللەت» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ)لەرنىڭ ئۆزىگە بولغان تونۇشنى، شۇنىڭدەك «زامانىۋى مىللەت» ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئارىلىشىش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە ئارازلىقلارنى تۈگىتىپ، سىياسىي، مەدەنىيەت، ھېسسىيات ۋە روھىي جەھەتتە بىر - بىرىگە ئۆزلىشىش ۋە بىرلىككە كېلىش؛ ئورتاق شەكىللەندۈرگەن، نىسپىي مۇقىم بولغان ئورتاق مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىن ھاسىل بولغان مەنپەئەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە بۇ مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىن ئىپادىلەنگەن ئىدىيە ئۆلچىمى، قىممەت خاھىشى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى قوبۇل قىلىش — مەدەنىيەتنى تونۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. مەدەنىيەتنى تونۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت قانۇنىيىتى ۋە تارىخ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكى ۋە ئۆسكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، زامانىۋى ئاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى.

2) جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش — ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخى جەريانىدا شانلىق، رەڭدار جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقانلىقىنى، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ مول، شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان، بىر - بىرىدىن ئايرىۋالغۇسىز جەمبەرچاس باغلانغان مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇشتىن ئىبارەت.

يېڭى تارىخىي مەزگىلدە «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش» ئەمەلىيەتتە «جۇڭگودىكى 56 مىللەت بۈگۈنكى دەۋردە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىدۇ» دېگەن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ھەققىدىكى دەۋر خاراكتېرلىك چوڭ مەسىلىگە زىچ باغلىنىشلىق. «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش» ئاساسەن جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى تونۇش؛ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ شەكىللەنگەن يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى تونۇش؛ ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر مىللىي روھى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت دەۋر روھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تونۇش؛ ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى تەرەققىيات چۈشەنچىسى، يۆنىلىشى، مەقسىتى، يولىنى تونۇش؛ ئۇنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەتتىكى ئورنى ۋە مۇناسىۋىتىنى تونۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتكە بولغان بۇ خىل تونۇش ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «زامانىۋى مەدەنىيەت ئېڭى»، «زامانىۋى مەدەنىيەت روھى»نىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى.

مەدەنىيەتنى تونۇش دۆلەتكە، مىللەتكە، سىياسىيغا بولغان مايىللىققا ئوخشاش ئۇقۇملار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەنە جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ يۇقىرىقىدەك تونۇشلارنىڭ ئىدىيە، كۆز قاراش، ھېسسىيات ۋە روھىي جەھەتتىكى ئاساسى. شىنجاڭدا

«جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش»نىڭ تولۇق مەنىسى ئۇلۇغ ۋەتەننى تونۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تونۇش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى تونۇشتىن ئىبارەت «تۆت مايىللىق» دەپ كونكرېت چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك.

ئۇنداقتا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان مايىللىقنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ شىنجاڭدا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش توغرىسىدىكى ئورتاق چۈشەنچە ئويدۇرۇشتىن، زورلاشتىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى ئۇ چوڭقۇر تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە تارىخىي مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە. چىن سۇلالىسى، خەن سۇلالىسى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇرۇشنىمۇ، تىنچلىقنىمۇ، قوشۇلۇش، ئايرىلىشنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى باشتىن - ئاخىر يوقاتماي، تەقدىرى بىر - بىرىگە باغلانغان، مەدەنىيىتى ئۆزئارا سىڭىشكەن، قانداشلىقى بىر - بىرىگە قوشۇلغان، ئىقتىسادتا بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئورتاق گەۋدە بولۇپ شەكىللەندى. قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر - بىرىنىڭكىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان مايىللىقنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ كەلدى. 11 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قارا خانىلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئۆزىگە «تابغاچ خان» دەپ ئات قويغان، بۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوغا بولغان ئىنتىلىشى ۋە تونۇشىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق. شىنجاڭدا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە مايىللىشىش نەزەرىيە مەسىلىسىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى زور ئەمەلىيەت مەسىلىسى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»لەر كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، «تۈركىي مىللەتلەر ئورتاق گەۋدە نەزەرىيەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى قويۇق ئالاقىنى يوققا چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش قەستىدە بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرى شىنجاڭدىكى قىسمەن كىشىلەر ئارىسىدا سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەيدىغان خاھىش ئەۋج ئالدى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە مايىللىشىش ئىنتايىن مۇھىم، مۇشكۈل ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە مايىللىشىش شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ئائىلىگە بولغان تونۇشىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، دۆلەت ئومۇمىي كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئىپادىسى، چېگرا رايوندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. شىنجاڭدا مىللەتلەر ئارا ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى جەھەتتىكى مۇقەررەر يولى، كۆپ مىللەتلىك چېگرا رايوننىڭ ئىلغار مەدەنىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

3) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى

ئېلىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى مەزگىلگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە تېز تەرەققىي قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىنى كۆتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت، يىراق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئارقىدا قېلىش قاتارلىق تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرق مەسىلىلىرىمۇ كېلىپ چىقتى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ھەر خىل سىياسىي، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى زەربىگە ئۇچراپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بىر قىسىم يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىش جەريانىدا مىللەت ئېڭى ۋە مىللەت مەنپەئەتى ئۈستىدىكى تەلەپ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئەھۋالدا ئۆز مىللىتى ۋە ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان تو-

نۇشنى دۆلەتنى، جۇڭخۇا مىللىتىنى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش بىلەن بىردەك قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى، ئۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدىكى يەر شارىلىشىش شارائىتى، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش باسقۇچىدا ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللەت ئېڭىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە مەدەنىيەت كۆز قارىشى، مەدەنىيەتنى تونۇش مەسىلىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تونۇيدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان مەسىلە، ئۇ مىللەتلەر ئارا ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى جەھەتتىكى مۇقەررەر يولى شۇنداقلا ئېلىمىزدە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، بىرلىكىنى قوغداپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىشنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك بايلىقى. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچ قاتارلىقلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «يۇمشاق ئەمەلىي كۈچ»، «مەدەنىيەتنى تونۇش» ھەربىي مەنىدىكى دۆلەت مۇداپىئەسىدىنمۇ مۇستەھكەم ۋە مۇقىم بولغان، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، بىرلىكىنى قوغداشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلايدىغان تەدبىر. ئىتتىپاقلىق، بىرلىك، تىنچلىقنى قەدىرلەشنى، ئەمگەكچان، باتۇرلۇقنى، قۇدرەت تېپىشنى يادرولۇق قىممەت قىلغان جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئىنتايىن كۈچلۈك مۇقىملىق ۋە ئۇيۇشۇشچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ھەر بىر جۇڭگولۇقنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە ئۆمۈرۋايەت يېتەكچىلىك قىلىدۇ. جۇڭگو تارىخىدا ھەرقايسى مىللەتلەر گاھى قوشۇلۇپ، گاھى بۆلۈنۈپ ئۆتكەن، لېكىن مەيلى بۆلۈنگەندە ياكى بىرلىككە كەلگەندە بولسۇن، ھەرقايسى مىللەتلەر دۆلەتنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئورتاق ئىدىيەۋى تونۇشتىن ئەسلا ۋاز كەچكەن ئەمەس. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىكى دۆلەتكە بولغان بۇ خىل كۈچلۈك مايىللىق ئېڭى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلىنىپ، جۇڭگو جەمئىيىتى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ قىممەت سىستېمىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاساسىي قىممەت قارىشىدا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. بىرلىككە ئىنتىلىدىغان دەل مۇشۇنداق قىممەت يۈزلىنىشىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېقىنقى زاماندىن بۇيان جاھانگىرلىككە ۋە ئىچكى قىسمىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى كۆپ قېتىم كۈرەش قىلىپ، قايتا - قايتا غەلىبە قازىنىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ كەلدى. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ 5000 يىللىق تارىخى مۇساپىسىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەقىل - پاراستى يىغىلىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى بولۇپ شەكىللەندى؛ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى تەركىبى، قىممەت سىستېمىسى، روھىي ئالاھىدىلىكى ۋە ھەرىكەت شەكلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىدى؛ ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بۇ خىل ئورتاق مەدەنىيەت شارائىتىدا ۋەتەنگە ئۆزلەشتى ۋە مايىللاشتى؛ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيەت سىستېمىسىدا باشتىن - ئاخىر بىردەكلىكنى ساقلاپ، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ، ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىغان كۈچلۈك مەدەنىيەتكە ئايلاندى. شۇڭا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە مايىللىشىش دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلاشتا باشتىن - ئاخىر تەڭشىگۈچلۈك رولىنى ئوينىدى. جەمئىيەت ئەزالىرى ۋەتەن ئېڭى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، بىرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئەلۋەتتە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى كۈچلۈك ئەمەلىي كۈچكە باغلىق. ئەمما مەدەنىيەتتىكى مايىللىق ماددىي كۈچ ئارقىلىق ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغان «يۇمشاق ئەمەلىي كۈچ»، تېخىمۇ نېگىزلىك، تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم ئامىل. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش پولاتنى يۇمشىتىدىغان ئوتتەك ھەربىي قوشۇن، ھەممىدىن مۇستەھكەم «دۆلەت مۇداپىئەسى»، تارىخ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مۆجىزىسى يارىتىدىغان كۈچلۈك ماددىي كۈچ، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ قەدىمىنى كۈچەپ تېزلىتىۋاتىدۇ. شىنجاڭدا «ئۈچ خىل كۈچ»لەر غەربتە-

كى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ھەدەپ يولغا قويۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا غايەت زور زىيان سالدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە مايىللىشىش مەسىلىسى شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ مۇھىم بولماقتا. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان مايىللىقتىن دۆلەتكە بولغان مايىللىققا ئۆتۈشى نوقۇل ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان مايىللىقتىن ھالقىپ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان مايىللىققا ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش زامانىۋى مەدەنىيەت ئېڭى تۇرغۇزۇپ، پۇقرالىق ئېڭى ۋە دۆلەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە بولغان ئىتتىلىشى، ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ۋەتىنىمىز بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوڭقۇر ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئۈچىنچى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش**

**1. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت**

1) جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ رولى

جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى جۇڭگو زېمىنىدا ئولتۇرۇشلۇق جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلاندۇرغان، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، تارىخى ئۇزاق، مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر، ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالماي، 5000 يىلدىن بۇيان ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

**بىلىم كۆزنىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت**

ئەنئەنە دېگىنىمىز، تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىدىيە، ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، سەنئەت، تۈزۈم، ئادەت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دېگىنىمىز، ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مىللىي مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ مىللەت تارىخىدىكى تۈرلۈك ئىدىيە، مەدەنىيەت، كۆز قاراش ھالىتىنىڭ ئومۇمىي ئالامىتى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىجتىمائىي ئاڭ دائىرىسىدە باشتىن - ئاخىر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئاساس بولماقتا. مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بۇرۇنقى جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنى مەركەزلىك ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللەتنىڭ يېتىلىش جەريانىنى ئىنكاس قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە مىللەتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، مىللەتنىڭ ئىپتىخارى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، كوللېكتىپىزملىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشتە غايەت زور رول ئويناپ، غايەت زور قۇدرىتىنى نامايان قىلماقتا.

2) مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە توغرا قاراش

يېڭى دەۋر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن يېڭى مەدەنىيەتكە موھتاج. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ۋارىسلىق قىلىش، قوبۇل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ، يېتەرسىزلىكىمۇ بار، شۇڭا ئۆز-ئارا ئۆگەنگەندىلا، ئورتاق ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقاندىلا ئۇنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدا قاراپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتىنى ئىلمىي يەكۈنلەش مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چۈنكى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى

مەدەنىيىتى بەلگىلىك تارىخىي مەزگىلدە پەيدا بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاستا - ئاستا بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ مەلۇم ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت ۋە ھەرىكەت سۇبيېكتىنىڭ مۇئەييەن قىممەت نىشانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ ۋە دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئېسىل مەزمۇنغىمۇ ئىگە بولىدۇ، سەلبىي تەركىبتىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا دىيالېكتىك پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، «مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىش» كېرەك.

مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى نىسپىي مۇقىم سىستېما، دەۋرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى دۇچ كېلىدىغان تاشقى شارائىت. بىر مىللەت دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، دادىللىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، «ماددا ئالمىشىش»نى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرالايدۇ، بىر ئىزدىلا توختاپ قېلىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلسا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، دەۋر تەرىپىدىن شاللىنىپ تاشلىنىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا يوقىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلار باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلماي، ئۆرنەك قىلماي، بېكىنمىچىلىك، مۇتەئەسسىپلىك قىلغانلىقتىن مەدەنىيىتى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن. شۇڭا ھەرقانداق مىللەت كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىلا، مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىغا ۋە راۋاجلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ، مانا بۇ مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى.

### 2. زامانىۋى مەدەنىيەت

#### 1) زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى

زامانىۋى مەدەنىيەت كىشىلەر ھازىرقى زاماننىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشتىن بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ ھازىرقى زامانغا لايىق شەكىلگە كىرىشى، ھازىرقى زامان قىممەت قارىشى يارىتىپ، ھازىرقى زامانغا مايىللىشىشى، زامانىۋى روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئورتاق ئېتىقاد تۇرغۇزۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشى، ئەركىن ۋە ئەتراپلىق يۈكسەلدۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. زامانىۋى جەمئىيەتتە زامانغا لايىق قىممەت يارىتىش، زامانغا مايىللىشىش، زامانغا لايىق روھ ھازىرلاش ۋە مەدەنىيەتنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۇنى بەرپا قىلىشنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا زامانىۋى مەدەنىيەت ئومۇميۈزلۈك شەرھلىنىپ، «زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى، زامانىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى يۆنىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دەۋر روھىنى ئالاھىدىلىك، جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان، جايلارنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە تاكامۇللاشتۇرغان، دۇنيادىكى ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆرنەك قىلغان، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان مەدەنىيەت. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى زامانىۋى بىلىم، زامانىۋى قاراش، زامانىۋى تۈزۈم، جۈملىدىن زامانىۋى پەن - تېخنىكا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى، زامانىۋى سەنئەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا كىشىلەرنى ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئەركىن، ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىلدى.

زامانىۋى قىممەت قارىشى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى. زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن زامانىۋى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاخىرقى نىشانى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ دېگەنلىك ئىلغار مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، يەنى ئىلغار بولمىغان مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان قالاق مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى، يەنى ئىلغار مەدەنىيەتنى دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلغانلىق.

زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھۆكۈم قىلىشنىڭ مۇنۇ ئۈچ ئۆلچىمىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم: يەنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، ئەمما تەبىئىي مۇھىتنى بۇزمىغان بولۇش؛ جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش، ئەمما ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلمىغان بولۇش؛ ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇش، ئەمما جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىغا زىيان يەتكۈزمىگەن بولۇش. زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش ئۈچۈن بۇ ئۈچ ئۆلچەمنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنى زامانىۋى مەدەنىيەتنى توغرا يېتەكچى قىلغان-قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. كونكرېت يولغا قويۇش جەريانىدا بۇ ئۈچ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرا قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۈچ ئۆلچەم زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلمىيلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى، يەنى زامانىۋى بىلىم، زامانىۋى قاراش، زامانىۋى تۈزۈمنى چوڭقۇر ئىگىلەش، مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى زامانىۋى ئاڭ، دۆلەتكە مايىللىق، پۇقرالىق ھوقۇقىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم رولىنى پۇختا ئىگىلەش لازىم.

2) مىللىي مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا ئالاقە كۈنسايىن كۈچىيىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگىرىۋاتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈزلۈكسىز تېزلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەر بىر مىللەت دۇچ كېلىدىغان رېئاللىق بولۇپ قالدى.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ۋەتەننىڭ بىپايان زېمىنىنى ئېچىپ، ۋەتەننىڭ ئىگىلىكىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. مەدەنىيەت تەرەققىياتى پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم مەزمۇنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ قۇدرىتىنى مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئىجادچانلىقى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىدا نامايان قىلىپ، ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىمىز بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىمىز لازىم.

زامانىۋىلىشىش يۈزلىنىشى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئەھۋالدا يېڭىلىق يارىتىش جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا ماسلىشىشتىكى مۇقەررەر يولى. ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بارلىق نەتىجىلەرنى قوبۇل قىلىش يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. باشقا مىللەت ۋە جايلارنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلغاندا ۋە ئۆرنەك قىلغاندىلا، مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغىلى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ بىر تەرىپى ھېسابلىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىمۇ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. زامانىۋىلىشىش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان

بولسىمۇ، ئۇنىڭ زىيىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنىلا كۆرۈپ، زامانىۋىلىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق، ۋاز كەچسەك بولمايدۇ. ئىلغار مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەننى رەت قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ زامانىۋى مەدەنىيىتىنى تەرك ئېتىپ، قەدىمكى ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا چىڭ ئېسىلىۋالساق بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا ھەر بىر مىللەت «شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى قالدۇرۇش» پوزىتسىيەسىنى قوللىنىپ، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن قارشى ئېلىش، ھۆرمەت قىلىش، كەڭ قورساقلىق روھىي ھالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا ئىلمىي، يېڭىلىق ياراتقان ئاساستا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە قوغداش ھەر بىر مىللەت مېڭىشقا تېگىشلىك مۇقەررەر يول. مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەمما ئىلمىي روھقا مۇخالىپ مەدەنىيەت ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا پۇتلاشقان چوماق.

شۇڭلاشقا ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىلمىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ گۈللەندۈرۈش بىلەن بىللە قوغداش بىلەن يېڭىلاش، قوغداش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، نادان، قالاق نەرسىلەردىن ئاڭلىق ۋاز كېچىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆرنەك قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىش لازىم. چۈنكى، مەدەنىيەت ھەرىكەتچان ھالەتتە بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، مەدەنىيىتى ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇرغان بىرەر مىللەت بولغان ئەمەس. مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى يېڭىلانمىسا، تەرەققىي قىلدۇرۇلمىسا ھاياتىي كۈچى يوقايدۇ، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزلىشەلمەيدۇ - دە، بارا - بارا رولىنى يوقىتىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقاندىلا، دەۋر مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ؛ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە يېڭى جان ئاتا قىلغاندىلا، ئۇنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرغىلى، ئەۋج ئالدۇرغىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

**3. زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلايلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرايلى**

مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ جېنى، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى. مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى چۈشەنگەن، ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغان مىللەتلا ئىچكى جەھەتتە ئۇيۇشۇش كۈچىگە، تاشقى جەھەتتە رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولۇپ، قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ھەممىنى قوبۇل قىلالايدۇ ۋە پەرقلەرگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ.

تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا تاسقىلىپ، مېغىزى قېلىپ، شاكىلى تاشلىنىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بۈگۈنكى ھالەتكە كېلىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، بەسلىشىش داۋامىدا ساقلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئۇزۇقلۇق قوبۇل قىلىش، كونىنى تاشلاپ، يېڭىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش داۋامىدا گۈللەپ ياشنىغان مەدەنىيەت. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەت ئالاھىدىلىكىگىمۇ، دەۋر ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. مىللەت ئالاھىدىلىكى ئاخىرقى ھېسابتا دەۋر ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بىرەر مىللەت، بىرەر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بېكىنمە ھالەتتە، بىر ئىزدا تۇرۇۋېرىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلسا، ساغلام تەرەققىي قىلالمايدۇ. دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۆز مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشى، گۈللەندۇرۇشى لازىم.

مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا دىيالېكتىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراش كېرەك. مىللىي مەدەنىيەت يېڭىلاش ۋە

تەرەققىي قىلدۇرۇشقا موھتاج. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، مەدەنىيەتتىكى پاسسىپ، زاماندىن قالغان تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل تەركىبلەرىنى ئۆرنەك قىلغان ۋە قوبۇل قىلغاندىلا، مەدەنىيەت سىستېمىسى جانلىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشيەن: «زامانىۋى مەدەنىيەت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ۋەزىپە قىلغان مەدەنىيەت، شۇڭا ئۇ ئىجادىي، ئىلغار، مەدەنىي، خەلقئارا ئۆتۈشقان بولۇشى، بېكىنمە، قالاق، مۇتەئەسسىپ بولماي، سىغدۇرۇشچان، ئوچۇق، يېڭىلانغان بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا جەمئىيەت ئىلگىرىلەيدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يەنىمۇ گۈللىنىدۇ، يېڭىلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

بىرىنچى، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئوچۇق پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئىلغار مەدەنىيەتنى چەتكە قېقىش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ شەرھلەشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش مەزمۇن جەھەتتە چىنلىققا، شەكىل جەھەتتە كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا بەدىئىي ئىجادىيەت كۈچىنى تولۇق ساقلاپ قالالايدۇ. يېڭىلىق يارىتىش نامىدا ئۆزگەرتىشكە، بۇرمىلاشقا بولمايدۇ، تارىخىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ، قەستەن بۇرمىلاپ كۆرسىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچى، باشقا مىللەت مەدەنىيىتىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. دادىل قوبۇل قىلىش ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەرىپى. شۇڭا ئۇ سىرتنىڭ مەدەنىيىتىگە مۇئامىلە قىلغاندا قوشۇلسىمۇ ئۆزگىچىلىكنى يوقاتماسلىق، ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىپ، پەرقنى ساقلاپ قېلىش پوزىتسىيەسىنى قوللىنىپ، باشقىلارنىڭكىنى چەتكە قېقىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلاردىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىپ، دۇنيا بويىچە بىردىنبىر ئۆزۈلۈپ قالمىغان مەدەنىيەت بولالىدى. شۇڭا باشقا مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلغاندا كەڭ قورساق بولۇپ، ھەدېسىلا چەتكە قېقىش، رەت قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۇنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان پۇقرالىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا. مانا بۇ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى. چۈنكى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تۈگىتىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنداق قىلماي، ئەكسىچە ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى كەمستسە ۋە چەتكە قاقسا، مەدەنىيەتلەر ئارا توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادىكى قىسمەن زىددىيەتلەر ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرىنى چەتكە قېقىشى ياكى مەدەنىيەت زومىگەرلىرىنىڭ كۈرەڭلىكىدىن پەيدا بولۇۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت ۋە قايىللىق پوزىتسىيەسىدە بولۇشى كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، يەنى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا پەرققە ھۆرمەت قىلىپ، خاسلىققا يول قويۇپ، ئىناق بىللە ئۆتۈپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئورتاق كۈچ چىقىرىشى لازىم. ئۆزگە مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلغاندا ئەپۇچان، ئوبيېكتىپ، باراۋەر پوزىتسىيەدە بولۇپ، مەدەنىيەت پەرقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرققە ھۆرمەت قىلىپ، باشقا مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ياخشى جايلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. سىرتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش ئۇنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قوبۇل قىلىش بولماستىن، بەلكى تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىش، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتكە ئوچۇق - يورۇق ھۆرمەت بىلدۈرۇش، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، بېيىتىش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

(داۋامى بار)

---

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىدىن **ئادىل مۇھەممەت** تەييارلىغان

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



## قەلب ۋولقانلىرى

▲ قايغۇ — ئىككى گۈلزار ئوتتۇرىسىدىكى تام.

▲ مۇبالىغە — ئاچچىقلانغان ھەقىقەتتۇر.

▲ پاكىت — جىنسىي ئايرىمىسى يوق ھەقىقەتتۇر.

▲ ئەڭ ئادىل كىشى — سەۋەنلىكىڭىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلىگەن كىشىدۇر.

▲ بىر تال ئۇرۇق چاچساڭ زېمىن ساڭا بىر گۈل بېرىدۇ.

▲ قاپقارىڭغۇلۇق يولىدىن ماڭماي تاڭ مەنزىلىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

▲ تۈگمەن تېشىنىڭ ساق ياكى كەمتۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سۇ مەنزىلىگە قاراپ ئېقىۋېرىدۇ.

▲ زېمىن نەپەسلەنسە بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمىز، زېمىن نەپەستىن توختىسا بىز ئۆلىمىز.

▲ تىرىشچان ئادەم ئاچ قالسا دەل- دەرەخلەردىكى مېۋىلەرنى يەيدۇ، تىرىشمىغان ئادەم ئاچ قالسا مېۋە ئۈزگەن ئادەمنىڭ قولىدىكى مېۋىنى سېتىۋېلىپ يەيدۇ.

▲ بۇلبۇل باھارنى سۆيىدۇ، ئادەم ۋەتەننى.

## قەلب — تامچىلىرىدىن

▲ مەن دوستلىرىمنى ساپ رىقابەتچىلىرىمگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

▲ تىرىشچان ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسرەت چېكىشگە ۋاقتى يوق، ھەسرەتلىنىپ ھاياتىڭنى ئىسراپ قىلما، قەبرىدە ئارام ئېلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بار.

▲ ئەمگەك كېسەللىك بىلەن ئازابنى داۋالايدىغان ئەڭ ياخشى رېتسېپ.

▲ غايە ئىنسان ھاياتىنىڭ قۇياشى.

▲ كىتاب ئوقۇش قەلب كۆزىنى نۇرلاندۇرىدۇ.

▲ ۋاقىت بولۇت ئىچىدىكى سۇغا ئوخشايدۇ، سىقساڭ يەنە چىقىۋېرىدۇ.

▲ توختىماستىن رىقابەتلىشىۋاتقان ئادەم، توختىماستىن تەقدىرنىڭ خەتەرلىك چوققىلىرىغا يامىشىۋاتقان ئادەم.

▲ ئەڭ گۈزەل ھايات قىممەت ياراتقان ھاياتتۇر.

▲ تۇرمۇشقا ئىشەن، ئۇنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان تەلىمى ھەرقانداق كىتابتىن ياخشى.

▲ تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ خەتەر قەلبتىكى بوشلۇق.

▲ ھەقىقەت چاقناپ تۇرىدۇ، پەقەت كىچىككىنە يوچۇق بولسىلا پۈتكۈل دالىنى يورۇتىدۇ.

▲ جاپا مۇشەققەت ئىنسان ھاياتىدىكى مۇئەللىم.

▲ ھەقىقەت تولۇق پىشقاندىن كېيىن ئۈزگىلى بولىدىغان مېۋە.

▲ قىزغىنلىق ئاقىلنى ساراڭغا، نادانىنى ئاقىلغا ئايلاندۇرىدۇ.

▲ يىقىلىشتىن قورقساڭ بەك تېز يۈگۈرمە.

▲ ئىنسان قىممىتىنىڭ ئاساسى ئەخلاق.

▲ گۈزەل ئەخلاقىڭنى بايلىققا، ھۆرلىكىڭنى ھوقۇققا تېگىشمە.

▲ سەممىيەت — شان- شەرەپكە بارىدىغان يول.

▲ بىر دۆلەتنى ئالغا باستۇرىدىغىنى گۈزەل

**تەپەككۇر كۆزى**

ئەخلاق.

▲ مۇشكۇلات — ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدىغان ئەڭ ئەمەلىي مەكتەپ.

▲ خاتالىقنى ئەڭ ئالدىن تونۇغان كىشى — قالتىس كىشى.

▲ ياۋا ئوت — قىممىتى تېخى بايقالمىغان ئۆسۈملۈك.

▲ ئەڭ زور غەلىبە — ئۆزىنى يېڭىش.

▲ يەر ئاستىدا تۇرۇپ شاخنى كۆكلەتكەن بىلەن، شاختىن ھېچنەرسە تاپالمايدىغان خالىس قۇربان.

▲ قۇشنىڭ ئۇۋىسى، ئۆمۈچۈكنىڭ تورى، ئىنساننىڭ دوستى بولىدۇ.

▲ بەخت سېنىڭ بوسۇغۇڭغا كەلمەيدۇ، ئۇنى سەن ئىزدەيسەن.

▲ باشقىلارغا ئاسىيلىق قىلغىنىڭ، ئۆزۈڭگە ئاسىيلىق قىلغىنىڭ.

▲ ياشلىقتا نېمە تېرىساڭ ياشانغاندا شۇنى ئالىسەن.

▲ پاراسەت - پاراسەتنى، ۋىجدان - ۋىجدانىنى، ساداقەت - ساداقەتنى تۇغىدۇ.

▲ ماختاش ھالۋىغا ئوخشايدۇ، ئاز بولسا قىممەتلىك.

▲ مەنپەئەت ئۈچۈن سەن بىلەن دوستلاشقان ئادەم مەنپەئەت ئۈچۈن سەندىن ۋاز كېچىدۇ.

▲ قەلبنى قورال ئەمەس، سۆيگۈ ۋە ئەخلاق بويسۇندۇرالايدۇ.

▲ رەھىمسىز ئەقىل ھەممىنى كۆكۈم تالقان قىلىدىغان بولقا.

▲ ئادەم گويا ئالماسقا ئوخشايدۇ، مەلۇم بىر نۇقتىدىن قارىساڭ ئاندىن ئۇنىڭدىن نۇرنى بايقايسەن.

▲ تۇيغۇ دېڭىزىدا كومپاس يوق، ئامالسىز لەيلەپ يۈرۈيسەن.

▲ كەمتەرلىك — خىلۋەت تاغ باغرىدىكى بۇلاق، بارلىق يۈكسەك پەزىلەت ئاشۇ بۇلاقنىڭ كۆزىدىن ئېقىپ چىقىدۇ.

▲ ياخشىلارنىڭ قەلبىگە ئادەم سىغىدۇ.

▲ تۇرمۇشتا قانچە سەممىي بولساڭ، تۇرمۇش شۇنچە مەنىلىك بولىدۇ.

▲ سەممىيەت — دۇنياۋى تىل، ئۇنى قارىغۇ كۆرەلمەيدۇ، گاس ئاڭلىيالمايدۇ.

▲ گۈزەل پەزىلەت جەمئىيەتنىڭ ۋىجدانى، دۆلەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، دۇنيانى گۈزەل پەزىلەت ئىدارە قىلىدۇ.

▲ قاباھەت بولمىغان بولسا ئادالەت بولمايتتى.

▲ ھەرىكەت — ھەرقانداق ئاچقۇچ ئاچالايدىغان قۇلۇپ.

▲ ئىرادە دۇنيانىڭ ماھىيىتى، دۇنيا ئىرادىنىڭ ئەينىكى.

▲ ھەقىقەت بىلەن ۋەتەن ئايرىلماستۇر.

▲ ھەرىكەت دورىنىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ، ئەمما، دورا ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.

▲ توختاپ قېلىش ھالاكەتتۇر، پەقەت ھەرىكەتلا ھاياتلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچالايدۇ.

▲ كۆڭۈل ئېچىشقا ۋاقىت چىقىرالمىساڭ، كېسەل بولۇشقا ۋاقىت چىقىرىسەن.

▲ ھەممە ئادەم ياشلىقنى بىلىدۇ، بىراق ياشنىڭ تەمىنى ھېس قىلالايدىغانلار بەك ئاز.

▲ دۇنيانى بويسۇندۇرماق بولساڭ ئۆزۈڭنى ئاۋۋال بويسۇندۇر.

▲ دانا ئادەم قەلبىدىكى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى كۆرىدۇ. نادان ئادەم ئالدىدىكى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى كۆرىدۇ.

— ئىمىن ھاشىم

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن

## قەلب چېچەكلىرى

▲ ھەقتىن بەكرەك سەپسەتىگە خۇشتار ئەل - ئاۋام، ئۆينى بىر پەس چۇلغىۋالغان سېسىق يەل تامام...

▲ ئوقۇلغاچقا گېزىت - ژۇرنال، كىتاب تېپىتىنچ، جاھالەتكە غەزەپ بىلەن ئۇرغۇسى قىلىچ.

▲ كىملىكىڭنى ياندىن ئايرىما، ۋىجدانىڭنى جاندىن ئايرىما.

▲ خۇشامەتكە رام بولغان ھايات، مەنزىللىرى بولماس ئاۋات.

▲ دىيانەتنى ئۇنتۇپ قالغان باي، چۆن ھە دەپ ئۈزۈۋاتقان چاي.

▲ ئەجىر مېھنىتىگە تەمەننا قەلب، نام ئاتاق، شۆھرەتكە ھېرىسمەن ئەدىب.

▲ كەيىپ - ساپاغا بېرىلىپ يۈرگەنلىك، ئەيىب خاتاغا بېرىلىپ يۈرگەنلىك.

▲ مەنىۋى بايلىقنى پەس كۆرگەن ئادەم، ھەققىي

ياشاشنى تەس كۆرگەن ئادەم.

▲ موھتاجلارغا كىتابخانا، ئەڭ سەممىي جاۋابخانا.

▲ دىيانەت قارىلىپ جەملەنگەن بايلىق، مەن ئۈچۈن مىزاجغا ماس كەلمەس چايلىق.

▲ دېھقان ئەدىب، سەنئەتكار، ئەلگە خالىس خىزمەتكار.

▲ ھەقىقەت - پاراغەت، سەپسەتە - تالاۋەت.

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 - قورۇدا

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» يۇرەكسىزلەرنى يۈرەكلىك، كېرەكسىزلەرنى كېرەكلىك قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدىغان ئۆلچەملىك دەرسخانا.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئەل - ئاۋامغا كاتتا دەرس بەرگۈچى، خاتا ئىشلارغا دەككە بەرگۈچى مەردانە ژۇرنالدۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئالغا باسقانلارنى يەنىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆملەۋاتقانلارنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ كېلىۋاتقان ئېچىل داستىخاندۇر.

▲ ياشلىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانلار ياشانغاندا غەم - غۇسسىدىن خالىي بولالمايدۇ.

▲ ئەخلاقسىز ئادەمدىن ئەسەبىي پەرزەنت يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ مۇقىمسىز ئەلدە ئەھۋال تولا، تازىلىقسىز يۇرتتا كېسەل تولا.

▲ ئۆيقۇسى قاتتىق ئادەم بىر بولسا غەمسىز كېلىدۇ، بىر بولسا پەمسىز كېلىدۇ.

▲ پارىخورلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى چىرىكلىك، چىرىكلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى نەپسانىيەتچىلىك.

— ھىدايەت ئەخمەت جەريانى

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا باشئېقىن كەنتىدە، دېھقان

## قەلب خاتىرەمدىن

▲ بىر ئادەمنىڭ سىرى بولغاندىلا جەلپ قىلىش كۈچى بولىدۇ.

▲ كەڭ قورساق ئادەملەرنىڭ قەلبىدە تەمكىنلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ.

▲ ئىزدىنىش ۋە ئۆزلۈكسىز تەھلىل يۈرگۈزۈش مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ئۇچىدىغان قوش قاناتتۇر.

▲ ئېغىر ئازابقا ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان ئەركەكنى جاسارەتلىك ئەركەك دېگىلى بولمايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان ھەسەتخورلۇقى ئىقتىدارىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

▲ تەپەككۇر قىلىش ئادەمگە ئىشەنچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلىدۇ.

▲ تەبەسسۇم ئىنسان قەلبىنىڭ باھارىدۇر.

▲ سەممىي ئادەملەر باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ - دە، دائىم سەممىيەتسىزلەر تەرىپىدىن ئالدىنىدۇ.

▲ ئادەملەر رىقابەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاسان بايقىيالايدۇ.

— نۇرمۇھەممەدجان ئىمىن روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ

## قەلب چېقىنلىرىدىن

▲ مەنىۋى بايلىقسىز كۆز يۇمغان ئەجداد، بوپىقالار ئىگىسى ساختا «ئاھ، ۋايداد».

▲ ساپاسىز كۆپەيگەن ئاھالە - نوپۇس، نادانغا شان - شەرەپ، داناغا نومۇس.

▲ نام - ئاتاق قوغلىشىپ قىلغان ياخشىلىق، ياخشىلىق ئەمەستۇر بەلكى ساختىلىق.

▲ ئورۇنسىز كەينىگە سۈرۈلگەن ئىشلار، ئەھلىگە بولغۇسى ھامان بىر دىشۋار.

▲ ئېرىشكەن قەدىر - قىممەت، سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنەت.

▲ تەگكەنلىكى ھەقىقەتنىڭ قامچىسى، ساقىغىنى بەرىكەتنىڭ تامچىسى.

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 - قورۇدا

## تەپەككۇر تەرمىلىرى

▲ ئادىمىلىك — ئەمەلگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش ئەمەس، ھەممە ئادەمگە ئادەملىك سۆيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

▲ بىر جەمئىيەتتە، بىر مىللەتتە نېمە قەدىرلەنسە، كىشىلەر، شۇنىڭغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ھاراق قەدىرلەنگەن مىللەتتە، كىشىلەر ھاراققا ئەھمىيەت بېرىپ، قەدىرلەپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىكەن.

▲ چىدام، ئەقىدە، ئىزدىنىش روھى بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ياشاش يولى، مۇشۇ يول بىزنى تاۋلايدۇ، تاللايدۇ ھەم شاللايدۇ.

▲ ئۆزاق ياشاشنىڭ ئۆزى بەخت ئەمەس، مەنىلىك،

خۇشال، ئەركىن، تويۇنۇپ ياشاشنىڭ ئۆزى بەخت.

▲ ئادالەتلىك جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ كېرەك بولىدىغىنى باراۋەرلىك.

▲ توختام سۇ جىم تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سېسىپ، قۇرتلاپ تۈگەيدۇ، ئەمما ئېقىن سۇ ھەرىكەتلەنگەنلىكتىن سۈزۈلۈپ، ياشىرىپ، ياشارتىپ تۇرىدۇ.

▲ ئۈمىدۋارلىق بىر شىپالىق دورا، ساغلام بولىمىز دەيدىكەنمىز ئۇنى ھەر كۈنى ئىستېمال قىلىشىمىز كېرەك.

▲ شەكلىۋاز، قىمارۋاز، گۇرۇھۋاز، سۆلەتۋاز، ھەممىگىلاردا يالغىنى تولا، راست بەك ئاز.

▲ ئاتا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر مۇھەببەت، ھاياتلىق بىزگە نۇرغۇن مۇھەببەت ئاتا قىلغان، شۇڭا سىز ھەرقاچان ھاياتنى سۆيۈڭ.

▲ ئادەم تەربىيەلەشنىڭ مەقسىتى دىل تەربىيەلەش، روھ تەربىيەلەش.

— توختىنىياز ئالىم

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە

## تەپەككۇر بۇلاقلىرىدىن ئۇنچە

▲ بايقالغان مەسىلىلەرنى باشقىلارنىڭ كۆرگىنىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كۆزىتىپ بىلگىنىگە ئاساسەن ھەل قىلىش ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر.

▲ ئات كىشنەپ تۇرۇپ ئالغا چامدايدۇ، ئىت چىشلەپ تۇرۇپ ئارقىغا سۆرەيدۇ.

▲ غۇرۇر ۋە ۋىجداننى پۇل ئورنىدا خەجلەشكە بولمايدۇ، ئامانەت قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، غۇرۇر ۋە ۋىجدان ھەردائىم كىشىنىڭ يېنىدا بولۇشى زۆرۈر.

▲ ساداقەت ئېغىزدا ئەمەس، قەلبتە ساقلىنىدۇ.

▲ يۈرەك يىغلىسا ئادەم يارىلىنىدۇ، كۆز يىغلىسا ئادەم خارلىنىدۇ.

▲ ئۇرۇش - جېدەل ئادەملەرنى ھايۋانغا ئايلاندۇرىدىغان ئالاھىدە «تەنھەرىكەت».

▲ گەرچە سېنىڭ كۆپكە قۇربىڭ يەتمىسىمۇ، ھەر تىنىقىڭدىن باشقىلارغا ئامەت تىلەپ قويۇشنى ئۇنۇتما.

▲ كۆپ ئىقتىدارلىق تېلېفوننىڭ قولى بولماي، كۆپ ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدە.

▲ شاتۇت پەقەت دورىيالايدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىغا سۆزلىيەلمەيدۇ.

▲ كىتابخانىنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشى يالغۇز روھنىڭ قۇرغاقلىشىپ كەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى روھنىڭ قازاغا يولۇقىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ بىراۋلارنىڭ بەختىنى تارتىۋېلىپ ھەشەمەت تەختىدە ئولتۇرغانلار، دائىم ۋەھىمە ۋە ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ.

▲ تۆھمەت — كىشى ئارقىسىدىن ئۇرۇلغان زەھەرلىك خەنجەردىن ئۆتكۈر.

## تەپەككۇردىن بىر تامچە

▲ قىز - ئاياللار مەيدىسى بىلەن ئەمەس، ئەقىدىسى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر.

▲ چايانىنىڭ نەشتىرى زەھەرلىك، يىلاننىڭ نەشتىرى زەھەرلىك، ئەمما ، ئۇلار بىر - بىرىنى چاقمايدۇ. ئادەملەرنىڭ تىلى يۇمشاق ھەم ئەۋرىشىم، ئۇلار بىر - بىرىنى «چايان، يىلان» دېيىشىپ باشقىلارغا چاقىدۇ. ناۋادا مۇشۇ گەپلەرنى يىلان، چايانلار ئاڭلىسا ئادەملەرنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار ؟

▲ قەددىڭنى ئېگىپ، خۇشامەت تاختىسىنى كۆتۈرۈپ خارلىنىپ ياشىغاندىن، چۈمۈلىگە ئوخشاش بېلىڭنى چىڭ باغلاپ، قەددەممۇقەددەم ئىلگىرىلەپ، ئىززىتىڭنى قوغداپ ياشا.

— ئابلەت ئابدۇراخمان

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك ئىختىساسلىقلار ئوتتۇرا مەكتەپتىن

## ھاياتىمىدىكى ھاسىلاتلار

▲ ئاش - تاماقنى بىلىپ يېسىڭىز سىز ئۇنى يەيسىز، بولمىسا ئۇ سىزنى يەپ كېتىدۇ.

▲ زىرائەت ئۆزلۈكىدىن تېرىلمايدۇ، كۆككە تاقاشقان ئېگىز بىنالار ئۆزلۈكىدىن سېلىنمايدۇ، بىلىم ئىقتىدارىڭىز ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلىمىسىڭىز ھېچقانداق نەتىجە بولمايدۇ.

▲ پۇرسەت بار چاغدا ئۇنى چىڭ تۇتۇڭ، يوق چاغدا بولسا بەك زورىقىپ كەتمەڭ.

▲ ئۆزىڭىزگە ھەدېسىلا يۇقىرى نىشان بېكىتىۋالماڭ، بولمىسا ئەسلىدىكى خۇشاللىق ئىشنى زېرىكەرلىك ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىسىز.

— ئابدۇغېنى مۇسايوپ

ئاپتور: خوتەن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىدىن پېنسىيەگە چىققان كادىر

# تەتقىقاتچى بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ

ئادىل جۇمە تۇردى، قىرغىز، 1964 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاقچى ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1986 - يىلى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2004 - يىلى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتورىيەسىنى پۈتتۈرۈپ، ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2009 - يىلى جۇڭگو مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورئاشتى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى قىرغىز دوكتور ۋە دوكتورئاشتى. 1986 - يىل خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى چەتئەل تىلى ئوقۇتۇش ئىشخانىسىدا ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە «ماناس» ئېپوسى، قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1998 - يىلى كاندىدات تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۈچىنچى (1995 - يىلى)، تۆتىنچى (2001 - يىلى) نۆۋەتلىك مۇئاۋىن رەئىسى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بەشىنچى (1997 - يىلى)، ئالتىنچى (2002 - يىلى) نۆۋەتلىك مۇئاۋىن رەئىسى؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى توققۇزىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى (2003 - يىلى) بولغان. 2005 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىغا ئىشقا چۈشۈپ، 2007 - يىلى تەتقىقاتچى ئۇنۋانىنى ئالغاندىن بۇيان، شىمالدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقات ئورنى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىلمىي ئۇنۋان ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، كەسپىي ئۇنۋان باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتورىيەسىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئەزاسى، جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ قىرغىز قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسى قىرغىزلارغا ئائىت توپلام تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى (مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى)، «شىنجاڭ فولكلور ئېنسىكلوپېدىيەسى» قىرغىزلار قىسمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت مەسىلىلىرى» نىڭ چەت ئەلدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، قىرغىزىستان خەلقئارالىق ئايتماتوف ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، قىرغىزىستان دۆلەتلىك ئىشەنئالى ئارابايېف نامىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى، دۇنيا فولكلورشۇناسلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى (فىنلاندىيە)، خەلقئارالىق ئېپوس تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچى ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسورى.

1986 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرخىل ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ژۇرناللاردا خەنزۇ، قىرغىز، ئۇيغۇر، موڭغۇل، ئىنگلىز، رۇس، ياپون، تۈرك تىللىرىدا 150تىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»؛ «ئىچكى موڭغۇل ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «ئەل ئىچى مەدەنىيەت مۇنبىرى»، «جۇڭگو ۋە چەتئەل مەدەنىيىتى ۋە ئوبزور»، «جۇڭگو موڭغۇلشۇناسلىقى»، «ئىچكى موڭغۇل پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى»، «نۇر گېزىتى»، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر گېزىتى»، «مىراس» قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى يادرولۇق گېزىت - ژۇرناللاردا، شۇنداقلا «ئامېرىكا فولكلورشۇناسلىقى»، «ئالاتاۋ»، «ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق چەت ئەل ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ نەچچە پارچە شېئىر، نەسر، ئوبزورلىرى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «مىللەتلەر يازغۇچىلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرخىل ئەدەبىي ئەسەر توپلاملىرىغا تاللانغان ئەسەرلىرى ئون نەچچىگە يېتىدۇ. نەشردىن چىققان كىتابلىرىدىن «قىر-

غىزلارغا يېقىندىن نەزەر» (لياۋنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2015 ـ يىلى)، «جۇڭگودىكى قىرغىزلار» (خۇاڭخې نەشر گۇرۇھى، 2012 ـ يىلى)، ««ماناس»چىلار تەتقىقاتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى)، «ماناسقا مۇراجىئەت» (ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى، قىرغىزچە، قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى، 2006 ـ، 2009 ـ، 2012 ـ يىلى ئۈچ قېتىم بېسىلغان)، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى)، «ئاغزاكى ئەنئەنە ۋە قەھرىمانلىق ئېپوسى» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى)، ««ماناس» پېشۋاسى يۈسۈپ ماماي ھەققىدە» (بىرلىشىپ يازغان، خەنزۇچە، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى 2006 ـ يىلى؛ قىرغىزىستان قىرغىز يېزىقىدا، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى؛ قىرغىزىستان قىرغىز يېزىقىدا، بېشكېك، 2014 ـ يىلى)، «جۇڭگو مىللەتلەر ئەسىر ھالقىغان ئائىلىلەر خاتىرىسى: ‹ماناس› پېشۋاسى ئائىلىسى» (بىرلىشىپ يازغان، يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى)، «شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان» (بىرلىشىپ يازغان، 4 قىسىم، كۇئېنلۇن نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى)، «قىرغىزلاردا دىن ۋە جەمئىيەت» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

تەرجىمە قىلغان ئىلمىي كىتابلاردىن گېرمانىيەلىك پروفېسسور كارل رايخىلنىڭ «تۈركىي مىللەتلەر ئاغزاكى ئېپوسى:ئەنئەنە، شەكىل ۋە شېئىر قۇرۇلمىسى» (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى)، «قىرغىز ئەدەبىيات تارىخى» (2) (دۇلدۇل نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار. «ماناس» ئېپوسىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى «ماناس» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 54000 مىسرا)، يەتتىنچى بۆلۈمى «سۇمبىلېك»، سەككىزىنچى بۆلۈمى «چىگىتەي» جەمئىي 30000 مىسرادىن ئارتۇق، شۇنداقلا ئۈچىنچى ۋە ئالتىنچى بۆلۈمىنىڭ بىر قىسمى جەمئىي 10000 مىسرادىن ئارتۇق؛ رادىيو دىرامىسى «ماناس»، قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «جاڭگىل مىرزا»نىڭ سىنارىيەسى؛ قىرغىز، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ رومان، شېئىرلىرى ئون نەچچە پارچە، 1 مىليون خەت ئەتراپىدا؛ ئىلمىي ژۇرناللار ۋە ئىلمىي ماقالىلار توپلاملىرىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ماقالىلاردىن تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىنغانلىرى 50 نەچچە پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئايتماتوۋ، رادلوف، تىنىشەف، سەمەر مۇسايېۋ قاتارلىق دۆلەت سىرتىدىكى داڭلىق شەخسلەرنىڭ ماقالىلىرى ۋە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى بار.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرخىل ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، گېرمانىيە، تۈركىيە، قىرغىزىستان، رۇسىيە، فىنلاندىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ماقالە ئوقۇدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، سىچۇەن ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، داليەن مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى ۋە لېكسىيە سۆزلىدى.

تەرجىمە كىتابى «تۈركىي مىللەتلەر ئاغزاكى ئېپوسى: ئەنئەنە، شەكىل ۋە شېئىر قۇرۇلمىسى» 2015 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ ««ماناس»چىلار بويىچە تەتقىقات» 2006 ـ يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ئۈچىنچى نۆۋەتلىك «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تاغ گۈلى مۇكاپاتى»نىڭ ئىلمىي ئەسەرلەر تۈرى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ ««ماناس» پېشۋاسى يۈسۈپ ماماي ھەققىدە» 2004 ـ يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ئىككىنچى نۆۋەتلىك «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تاغ گۈلى مۇكاپاتى»نىڭ ئىلمىي ئەسەرلەر تۈرى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت مۇكاپاتى بولغان «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» مۇنەۋۋەر ئەسەر (دەرىجىگە ئايرىلمايدۇ) مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ ئادىل جۇمە تۇردى 1999 ـ يىلى جۇڭگو ئالتىنچى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى «تۇلپار مۇكاپاتى» (دەرىجىگە ئايرىلمايدۇ) غا، 1999 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلار ئارىسىدىكى ئەخلاق ۋە ماھارەتتە تەڭ يېتىشكەن ئەزا» شەرىپىگە ئېرىشكەن. يەنە شۇ يىلى 10 ـ ئايدا دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ «ئەخلاق ۋە ماھارەتتە تەڭ يېتىشكەن يۈز مۇنەۋۋەر»نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.

**ئايگۈل ئەمەت** تەييارلىغان



# ئالقىش ۋە ئۈمىد

—— قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگوچە رەسىم ئۇستازى تۇردى ئىمىن ئاتا ـ بالا رەسىم كۆرگەزمىسىدە سۆزلەنگەن سۆز
(2016 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)

ئارسلان ئابدۇللا
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇدىرى)

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، مۆھتەرەم رەھبەرلەر، ئەزىز مېھمانلار:

بۈگۈن بىز قەدىمىي مەدەنىيەت يۇرتى قومۇلدا ئاتاغلىق رەسسام تۇردى ئىمىن ئەپەندىنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۋاتىمىز. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقات يۇرتىغا ۋاكالىتەن، سەنئەت سۆيەر قومۇل خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان تۇردى ئىمىن ئەپەندىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! بۇ كۆرگەزمىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىگە، كۆرگەزمىنى تەشكىللىگەن قومۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن! بۈگۈنكى پائالىيەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغان سەنئەتكارلىرىمىزغا ۋە بارلىق مېھمانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، رەسىم سەنئىتى كىشىلەرنى گۈزەللىكتىن ھوزۇرلاندۇرىدىغان، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان ۋە زوقلىنىش ئېڭىنى يېتىلدۈرىدىغان، قەلبىنى پاكلايدىغان ۋە خاراكتېرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئىنتايىن نەپىس ھەم يۇقىرى ماھارەتلىك سەنئەت شەكلى. رەسىم سەنئىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا پەلەككە تاقاشقان تاغلارنىڭ قىياتاشلىرىدا، سىرلىق مىڭئۆيلەردە ۋە تاش كېمىرلەردە، بۇددا ھەم مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاملىرىدا جەۋلان قىلىپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز خاسلىقلىرى بويىچە تەرەققىي قىلغان ۋە تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ روھىيەت تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەشتەك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ كەلگەن.

شىنجاڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ قەدىمىي مەدەنىيەتنى؛ بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دىننى، خەنزۇ ـ تىبەت تىللىرى، ئالتاي تىللىرى ۋە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرغان ۋە مۇجەسسەملىگەن ئالاھىدە رايون بولۇپ، ئورۇن ئەۋزەللىكى ۋە مەدەنىيەت بايلىقى ئەۋزەللىكى بىلەن قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا رەسىم سەنئىتىنىڭ

مۇھىم ماكانلىرىدىن بولۇپ كەلگەن. ئالايلۇق، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بېرىپ، رەسىم ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن غەربىي يۇرتتىلا ئەمەس، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىمۇ يۈكسەك شۆھرەت قازانغان ھەم شۇ دەۋر رەسساملىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەن، «ئالتە ئەنلىك بۇدساتۋا»، «سېرىق ئابشار»، «بۇركۇت»، «مىڭ تەدبىرلىك شەپقەتچى بۇدساتۋا» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى لوياڭ ۋە چاڭئەندىكى دايۈن ئىبادەتخانىسى، گۇاڭزەي ئىبادەتخانىسى قاتارلىق مەشھۇر ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىدا، «غوز راھىبى»، «كۇسەنلىك ئۇسسۇلچى قىز» قاتارلىق تەۋەررۇك ئەسەرلىرى ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرى ۋە بېلگىيەنىڭ بىريۇسسېل شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان، ئىجادىيەتتىكى ئۇتۇقلىرى تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق رەسسام ۋە نەزەرىيەچى جاڭ يەنيۈەننىڭ «تارىختىكى داڭدار رەسىملەر»، شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە تۈزۈلگەن «سۇڭ ئوردىسىدا ساقلانغان رەسىملەرنىڭ تەزكىرىلىرى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان ئاتا - بالا رەسسام ۋىسا باجىنا ۋە ۋىسا ئىراسانگىرلار دەل ھازىرقى شىنجاڭنىڭ سەنئەت تۇپرىقىدا يېتىلگەن ۋە ئەنئەنىكىچە رەسىم ئۇسلۇبىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېڭەيتكەن، شۇنداقلا ئۆز يۇرتىنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن رەسىم پېشۋالىرىنىڭ يارقىن ۋەكىللىرىدۇر.

جۇڭگوچە رەسىم سىزىشتا داڭ چىقارغان يەنە بىر مەشھۇر ئۇيغۇر رەسسام يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن گاۋ كېگۇڭ (1248ـ 1310) بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھازىرقى شىنجاڭدىن شەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بارغان. گاۋ كېگۇڭ ئاتاغلىق رەسسام، شائىر ۋە خەتتاتلا بولۇپ قالماي، ئادىللىقى بىلەن داڭق چىقارغان ئەمەلدار ئىدى. ئۇ دەسلەپ شەنشىدە ياشاپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ نوپۇس ۋە مالىيە نازارىتىگە نازىر، دىيانەت ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى، خېنەننىڭ جىنايى ئىشلار نازىرى، ئوردا مۇپەتتىشى، ھەربىي ئىشلار نازىرى، جياڭخۇەي ئۆلكىسىدە ئالتە نازارەت، 24 مەھكىمىنىڭ باش بۇغى بولغان، 1299 - يىلى ئۇ ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىپ، 1304 - يىلغىچە قۇرۇلۇش ۋازارىتى، ئەمەل ۋازارىتى ۋە جازا ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغان. 1304 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خەۋپسىزلىك، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ياساق ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى بولغان. بۇ مەزگىلدە گاۋكېگۇڭ خەلقنىڭ ھال - دەردىگە يېتىپ، ناھەقچىلىكلەرنى ئوڭشىغان؛ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، پارىخور ئەمەلدارلارغا زەربە بەرگەن ۋە ئادالەتنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

گاۋ كېگۇڭ ئۆمۈر بويى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى تولۇق چۈشەنگەن، رەسىم سەنئىتى ۋە شېئىرىيەتنى قىزغىن سۆيگەن، ساپالىق، ئوقۇمۇشلۇق زات بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا تاغ - دەريالارنى، دەرەخ - ئورمانلارنى سىزىشقا كىرىشكەن ۋە ئەينى دەۋردىكى داڭلىق رەسساملارنى ئۇستاز تۇتۇپ، تاغ - دەريا ۋە بامبۇك سىزىشتا كامالەتكە يەتكەن ھەم شۇ دەۋرنىڭ رەسىم پېشۋالىرىدىن بولۇپ قالغان. شۇ چاغدىكى شائىرلارنىڭ:

«دەۋرىمىز رەسساملىرىنىڭ پەخرى كىم دەپ قىلساڭ ندا،
جەنۇبتا ۋېيجاۋ، شىمالدا گاۋ دەپ ياڭرار شۇئان بىر سادا»
«سورىساڭ بامبۇك سىزىشنىڭ پىرى كىم دەپ يەنە ئەگەر،
تەڭدىشى يوق گاۋ بېگىم دەپ بېرۇر جاۋاب ھامان ساڭا» دېگەن شېئىرلىرى ئۇنىڭ رەسساملىق ساھەسىدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

گاۋكېگۇڭ رەسىمنى ئاز ھەم ساز سىزىشنى ئىجادىيەت پىرىنسىپى، ھېسسىياتنى شەكىل بىلەن مەزمۇنغا يۇغۇرۇپ ئىپادىلەشنى ئىجادىيەت ئۇسلۇبى قىلغان رەسسام بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەردانىلىق، قەيسەرلىك ۋە تەبىئەتنىڭ بۈيۈكلۈكى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ «تاشتا ئۆسكەن بامبۇك» قاتارلىق بىر نەچچە پارچە ئەسىرى ھازىرغىچە خان سارىيى

مۇزېيىدا ساقلانماقتا.
بۇلاردىن باشقا، «يەنمىن تەسىراتلىرى»، «شىخۇ
كۆلىنىڭ مەنزىرىلىرى ھەققىدە نەزمىلەر» قاتارلىق
توم ـ توم تەۋەررۇك شېئىرلىرىنى، ھازىر خان سارد ـ
يى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «يەنگۇاڭ قەبرىگاھىنىڭ
كۆرۈنۈشى»، «مېيخۇا گۈلى» قاتارلىق رەسىم ۋە
ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن يۈەن
دەۋرىنىڭ ئاتاغلىق ئۇيغۇر شائىرى، رەسسام ۋە
خەتتات سەدۇللا قاتارلىقلارمۇ تارىختىكى ئۇيغۇر
رەسساملىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدۇر. شىنجاڭدا
مانا مۇشۇنداق بىر سەنئەت ئەنئەنىسى بولغاچقا، بۈ ـ
گۈنكى كۈندە غازى ئەھمەد، ئابدۇكېرىم نەسىردىن،
تۇردى ئىمىن، مۇھەممەد ھېيت، نەجمىدىن ئەزىزى
ۋە بۈگۈن نامى تىلغا ئېلىنماي قالغان بىر مۇنچە ئا ـ
تاغلىق ئۇيغۇر رەسساملىرى مەيدانغا كېلىپ، بۇ ئەن ـ
ئەنىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئېلىمىزنىڭ سەنئەت مۇنبە ـ
رىدە مۇھىم ئورۇنغا نائىل بولدى.
شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، يېڭى جۇڭگو
قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر رەسىم سەنئىتى يېرىم ئە ـ
سىردىن كۆپرەك تەرەققىيات داۋامىدا قايتا گۈللىنىپ،
مەملىكەتكە يۈزلەنگەن ۋە دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن
يۇلقۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، بازارغا تېخى تولۇق يۈزلەنمە ـ
دى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا تېخى چوڭقۇر ۋە كەڭ
دائىرىدە سىڭىپ كىرەلمىدى، خەلقىمىزنىڭ نادىر
سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش سەۋىيەسى باشقا بىر
قىسىم مىللەت ۋە رايونلارغا قارىغاندا تېخى خېلىلا
تۆۋەن، بولۇپمۇ نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئېلىپ
ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئادىتى بىزدە تېخى
يېتىلمىدى. شۇڭا رەسىم سەنئىتىنى ھەرخىل شەكىللەر
ئارقىلىق خەلققە ۋە بازارغا يۈزلەندۈرۈش خەلقىمىز ـ
نىڭ زوقلىنىش سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇپ، مەنىۋى تۇر ـ
مۇشىنى بېيىتىشتىلا ئەمەس، رەسىم سەنئىتىنىڭ ئۆزد ـ
نى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە
ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇردى ئىمىن ئەپەندى ـ
نىڭ رەسىم كۆرگەزمىسى قومۇل خەلقىنىڭ ئېسىل
سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش ئېڭىنى ۋە سەۋىيە ـ
سىنى ئۆستۈرۈشتە، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا،
شۇنداقلا رەسىم سەنئىتى ھەۋەسكارلىرىنىڭ نەزەر دا ـ
ئىرىسىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇ ـ
سى.
تۇردى ئىمىن ئەپەندى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يې ـ
تىشكەن، دەۋرىمىزدىكى تۇنجى ئەۋلاد جۇڭگوچە
رەسىم ئۇستىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1975 ـ يىلى مەرك ـ
زىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتې ـ
تىدا جۇڭگوچە رەسىم كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن،
تاكى 1986 ـ يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئو ـ
قۇتقۇچى ۋە كافېدرا مۇدىرى بولغان. 1986 ـ يىلى
شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيەسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ
كەسپىي رەسسام بولغان، 1995 ـ يىلى مەركىزىي
سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتورىيەسىدە ئوقۇغان.
ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنى ـ
يەت ـ تارىخ تەتقىقاتى يۇرتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو
رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ رەسساملار
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ھۆسنخەت
ۋە رەسىم تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئو ـ
رۇمچى شەھەرلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى، شىنجاڭ ھەربىي لاگېر رەسساملىرى ۋە خەت ـ
تاتلىرى گاللېرىيەسىنىڭ پەخرى مۇدىرى، دۆلەتلىك 1 ـ
دەرىجىلىك رەسسام.
تۇردى ئىمىن ئەپەندى يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قى ـ
لىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان، شىنجاڭ ـ
نىڭ مىللىي تۇرمۇشنى ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەندە،
ھېسسىياتنى لېرىكىلىق، تەسۋىرلەرنى تەپسىلىي ۋە
ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلەشكە، بولۇپمۇ ئادەم، گۈل ـ
گىياھ ۋە ھايۋانلارنى سىزىشقا ماھىر رەسسام بولۇپ،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە رايون خاسلىقى ۋە تۇرمۇش پۇ ـ
رىقى ناھايىتى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزد ـ
نىڭ قەدىمىي شەھەرگە مۇھەببەت»، «ئورما ھارپىسى ـ
دا»، «گۈلخان»، «تاجىكلارنىڭ تويى» قاتارلىق
ۋەكىللىك ئەسەرلىرى بىلەن مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈ ـ
زۈلگەن ئالتە قېتىملىق رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناش ـ
قان. ئۇنىڭ «دەم ئېلىش»، «ئورما ئالدىدا»،
«بازار» قاتارلىق تۆت پارچە نادىر ئەسىرى مەمل ـ
كەتلىك كۆرگەزمىلەردە مىس مېدالغا ۋە مۇنەۋۋەر
ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2009 ـ يىلى ئۇ مەم ـ
لىكەت بويىچە ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان 60 رەسسام

قاتاردا تەشۋىقات مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو ئەدەبـ
يات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانـ
غان.

تۇردى ئىمىن ئەپەندى ئېلىمىزنىڭ رەسىم سەنئـ
ىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خەلقئاراغا ئاكتىپ نامايان
قىلىپ كەلگەن. جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسـ
دىكى خەلق دىپلوماتىيەسىنى كۈچەيتىشكە تۆھپە
قوشۇپ كېلىۋاتقان رەسسام، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ، كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھرىدە، رۇسىيەنىڭ
پېتىربۇرگ شەھرىدە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزـ
گەن ۋە رۇسىيەنىڭ 21 ـ قېتىملىق خەلقئارا سەنئەت
بايرىمىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئامېـ
رىكا، كانادا، ياپونىيە، مالايسىيا، ئۆزبېكىستان، قازاـ
قىستان، قىرغىزستان، تۈركمەنىستان ۋە شياڭگاڭ،
ئاۋمېن، قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى خەلقئاراـ
لىق كۆرگەزمىلەرگە قويۇلغان. ئۇنىڭ رەسىم سەنئىتىـ
دىكى ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەملىكەت ئىچىدىلا
ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ تولۇق ئېتىراپ قىلىنىپ،
يۇكسەك باھالارغا مۇيەسسەر بولغان. بۇنىڭ جانلىق
شاھىتى تۇردى ئىمىن ئەپەندىنىڭ 2013 ـ يىلى رۇسـ
يە ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى، پېـ
تېربۇرگ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە جۇڭگونىڭ رۇسـ
يەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ
گۇۋاھلىقىدا رۇسىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپـ
دىن «بۈيۈك ئۇستاز» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن
تەقدىرلەنگەنلىكىدۇر.

قىرىق يىلغا يېقىن ئىجادىيەت داۋامىدا شۇ قەدەر
زور ئۇتۇقلارنى قازانغان تۇردى ئىمىن ئەپەندى
نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ نادىر
ئەسەرلىرىنى خەلقنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇش ئۈچۈن مانا
بۈگۈن قومۇل دىيارىغا يېتىپ كەلدى. بىز بىرلىكتە
ئالقىش ياڭرىتىپ، تۇردى ئىمىن ئەپەندىنىڭ قومۇلغا
كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالايلى ۋە ئۇنىڭغا تېخـ
مۇ زور ئۇتۇقلار تىلەيلى!

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　址：新疆乌鲁木齐市新华南路11号万国大厦10楼
邮　编：830000 电话：（0991）2856942
印　刷：《新疆日报》印务中心
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22　定价：8.50元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2016 ـ يىلى 4 ـ سان (ئومۇمىي 340 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11 ـ نومۇر ۋەنگو سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830000　تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58　باھاسى: 8.50 يۈەن

# جۇڭگوچە رەسىم ئۇستازى تۇردى ئۆمەن ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر











«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى يىلى»دىكى مەدەنىيەت ئۆلگىلىرى



جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتورىيەسىنىڭ پروفېسسورى، دوكتورئاشتى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى ئادىل جۇمەتۇردى ئەپەندى (تەپسىلاتى 75 ـ بەتتە)